# ئىستىقلال

1999 - يىل 1 - ئاي 1 - سان

DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ MERKEZİ YAYIN ORGANI    İSTİKLAL    خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ ئورگان گېزىتى


## شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ،

# مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى

### باشماقالا

ئەزىز ۋەتەنداشلار !

بۈگۈن بىز ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ناھايىتى مۇرەككەپ، ئېغىر ۋە جىددىي ۋەزىيەتتە ھايات كەچۈرمەكتىمىز. ئەزىز ۋەتىنىمىز مۇستەملىكە، خەلقىمىز ھوقۇقسىز قۇل، چەت مەملىكەتلەرگە چىقىپ كەتكەنلىرىمىز مۇساپىر بولۇپ سەرسان - سەرگەردانلىقتا ياشاۋاتىمىز. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مۇدھىش زۇلمى ئاستىدا ئازاپ چەكمىگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان، خورلۇق ۋە ئاھانەتتىن كۆڭلى ئازار يېمىگەن بىرمۇ ئۇيغۇر ئائىلىسى يوق. كېيىنكى يىللاردا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ، بىزنى ئۆز ۋەتىنىمىزدە ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلماقتا. بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزدىن ئايرىلىپ، دۈشمەنگە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىمىزدۇر.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۈپ مەقسىدى:قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە بويسۇنمىغانلارنى قىرىپ تاشلاش يولى بىلەن مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىپ تاشلاپ، كەڭتاشا، باي ۋە گۈزەل ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ رەزىل مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ھەممە چارىلارنى كۆرىۋاتىدۇ:

خەلقىمىزنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن تۇغۇتنى چەكلەۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزدە يادرو قۇراللىرىنى سىناق قىلىپ، مۇھىتنى زەھەرلەپ خەلقىمىزنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىن سانسىز خىتاي

ئاسانغا چۈشمىدى. بەزى تەشكىلاتلىرىمىز ھەدىگەندە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ بىرلىشىشنى كېچىكتۈرۈشكە ئۇرۇندى. لېكىن ۋەتەندىكى ئېغىر ۋە جىددىي ۋەزىيەت بىزنى ئىلاجىنىڭ بارىچە بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي بىرلىككە كېلىپ، خەلقارا بىر مىللىي مەركەز قۇرۇشقا تەقەززا قىلدى. بۇ بىرلىك ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بۇرچى بولۇپلا قالماي، جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسى ئىدى. ئاللاھقا مىڭ مەرتە شۈكرىلەر بولسۇنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى.

1998 - يىلى دېكابىر ئېيىنىڭ 9، 10، 11- كۈنلىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە جاھاننىڭ ھەر تۈرلۈك دۆلەتلىرىدىن كەلگەن 15 تەشكىلات باشلىقلىرىنىڭ باش قوشۇشى بىلەن « خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نى قۇرۇشقا ئېرىشتۇق.

تەبىئىكى ئۈچ كۈن جەريانىدا قىزغىن بەس مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. لېكىن مۇنازىرىلەرگە قاتناشقان تەشكىلاتلارنىڭ تۈپ مەقسىدى - بىرلىشىش ۋە بىر مەركەز قۇرۇش بولغانلىقتىن شۇنىڭدەك ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى كەينىگە سۈرۈش خەلقىمىز ئالدىدا جىنايەت بولىدۇ ، دەپ ئورتاق تونۇشقا كەلگەنلىكتىن ھەمدە بۇ يەرگە توپلانغانلار ئاددىي ۋەكىللەر بولماي ، مەۋجۇت تەشكىلاتلارنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى بولغانلىقتىن، تەشكىلاتلار ئىختىيارى بىرلىشىپ ، خەلقارا مىللىي مەركەز قۇرۇش ئۈچۈن قانۇنىي ھوقوققا ئىگە دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ ئاتاقلىق ئەرباپ، مەشھۇر مۇجاھىد گېنىرال مەھەممەت رىزا بەكىن

تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن كەلگۈسىدە بىر مەقسەت ، بىر نىيەتتە ئىچقۇيۇن - تاشقۇيۇن بولۇپ بىرلىكتە ئىشلەشكە تىرىشىشى لازىم. مىللىي مەركەز ئۆز پائالىيەتلىرىدە ھەردائىم خەلقنىڭ ئۈمىدىنى كۆڭلىگە پۈكۈشى، ساپ ۋە سەمىمىي بولۇشى، خەلقنى ئالدىماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلىپ بارلىق تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەرنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشى كېرەك.

مىللىي مەركەز ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا مەركەزنىڭ ئورگان گېزىتىنى چىقىرىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇ قارارغا ئاساسەن قولىڭىزدىكى « ئىستىقلال » گېزىتىنى نەشر قىلىشقا باشلىدۇق.

ئىنشائاللاھ، گېزىتىمىز ئۆزىنىڭ مەزكۇر سانىدىن باشلاپ، تاڭ خەۋەرچىسى چولپان يۇلتۇزىدەك ھەممىمىزنىڭ دىللىرىنى يورۇتۇپ، ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقەلەرنى ۋە جاھاندا سادىر بولغان مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگەللەپ، خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي تەشكىلاتلارغا ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ، جۈملىدىن بىزدىن زور ئۈمىد كۈتىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزغا ، مىللىي مەركەز قوبۇل قىلغان ستىراتېگىيە، تاكتىكىلىق سىياسىي يۆنىلىش، مۇھىم قارارلار، يولىيورۇقلار ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتقان ئاساسلىق ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

گېزىتىمىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي مۇستەقىللىق روھىدا تەربىيەلەپ ، خەلقىمىزنى بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنى ئىتتىپاقلىق، ۋەتەن ئىشىغا مەسئۇلىيەتچانلىق، پىداكارلىق ۋە كۆرەشچانلىق

يوقۇتۇشقا زېمىن ھازىرلاۋاتىدۇ. قارشىلىق قىلغۇچىلارنى خاسغانچە تۇتۇپ قاماۋاتىدۇ، ئۆلتۈرىۋاتىدۇ، قىرىۋاتىدۇ. ئەگەر تېز پۇرسەت ئىچىدە بىرەر ئۈنۈملۈك چارە كۆرۈلمىسە، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىزنى يەر يۈزىدىن تامامەن يوق قىلىپ تاشلاش پىلانى رېئال ئەمىلىيەتكە ئايلىنىش خەۋپى تۇغۇلماقتا. بۇ خىل شارائىت ھەممىمىزنى جىددى ئويلۇنۇشقا، ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنى سالماقلاپ، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، پۇختا تەييارلانغان ھالدا ئەمىلى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

شۇ تۈپەيلى، كېيىنكى يىللار جەريانىدا خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئەزىز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ چەت مەملىكەتلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن مۇھاجىرلار ئىچىدە ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان كۆپلىگەن سىياسى تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. لېكىن دانىشمەن خەلقىمىزنىڭ « يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس » دېگىنىدەك، بۇ تەشكىلاتلار تۈرلۈك جايلاردا يەككە ھالدا قانچە كۈچەپ باقسىمۇ كۆزلىگەن چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. خەلقىمىزنىڭ پاجەلىك تەقدىرىنى، تەلەپ، ئارزۇلىرىنى خەلقارا تەشكىلاتلارغا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان چوڭ دۆلەتلەرگە يەتكۈزەلمىدى، ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە بۇ تارقاق ھالدىكى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، بىر يەرگە توپلۇنۇپ، خەلقارا دەرىجىدە بىر مىللى مەركەز قۇرمىغىچە خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئىستىقلالىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرىشىگە ئۈنۈملۈك ھەسسە قوشالمايدىغانلىقىمىز ئايان بولۇپ قالدى. لېكىن دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدا ئۆز ئالدىغا تارقاق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە توپلاپ، خەلقارا مىللى مەركەز قۇرماق ئەلۇ[...] [...]ۇرۇشچان خەلقىمىزنىڭ چوڭ غەلىبىسى ۋە [تا]رىخى[ي] [ئ]ەھمىيەتكە [ئىگ]ە ۋەقەدۇر.

ئەندىكى گەپ - بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساستا تەسىس قىلىنغان بۇ مىللى مەركىزىمىزنىڭ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىشىدا.

مىللى مەركەز تەسىس قىلغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ ئۈمىدى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ئالدى بىلەن ئۆز پائالىيەتلىرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەت يولىدا ئېغىشماي كۆرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار سالاھىيىتىنى نامايەن قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تىز ئارىدا ئەتراپلىق ياخشى ئويلانغان ھالدا مۇكەممەل ۋە پىششىق ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ جاسارەت بىلەن ئىشقا كىرىشىش لازىم بولىدۇ.

دىپلوماتىك خىزمەتلەرگە ماھىر كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە دۇنيادىكى بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بارلىق چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى ۋە بىزگە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى زۆرۈر.

مىللى مەركەزنىڭ ئىقتىسادى ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان « ۋەتەن فوندى » نىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىلاتىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە جەڭگىۋار ھەرىكەت قىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

مىللى مەركەز رەھبەرلىرىدىن بىز شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىش پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بۇ نۆۋەت مىللى مەركەز تەركىۋىگە قوشۇلالمىغان خەلقارادىكى باشقا ۋەتەن داۋاسى روھىدا تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

شۇ دەقىقىلەردە دۇنيانىڭ تۈرلۈك قىتئەلىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ دىققىتى ئىستانبۇل شەھىرىگە مەركەزلەشمەكتە! ئۇلار بىزنىڭ بىرلىشىپ ئورتاق كۆرەش ئېلىپ بارىدىغان مىللى مەركەز قۇرغانلىقىمىز ھەققىدىكى خوشخەۋەرنى چوڭ ئۈمىد ۋە تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

« ئىستىقلال » گېزىتى بۈگۈن جاھانغا بۇ تارىخى خوشخەۋەرنى يەتكۈزۈشتەك بۈيۈك شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن بىللە ئۆز كۆرىشىنى باشلىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ.

كېلىڭلار دوستلار، بىز مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا باتۇر، ئەمگە كچان، قەھرىمان ئەجداتلىرىمىزنىڭ « ئۇيۇشقاق » لىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەخسى مەنپەئەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، باش شتابىمىز بولغان شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ئەتراپىدا بىرلىشەيلى! بارلىق كۈچ - غەيرىتىمىزنى، قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى ۋە پۇل - مېلىمىزنى بۇ بۈيۈك مەقسەت يولىدا بىرلىكتە كۆرەش قىلىشقا سەرپ قىلايلى. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۇيىقەستىدىن ھەرزامان ھوشيار بولۇپ، بىرلىكىمىزنى كۆز قارچۇغىمىزدەك ئاسرايلى.

ئاق يول ساڭا، ۋەتەن سىرتىدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرىشىۋاتقان بارلىق مۇجاھىدلارنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە يولباشچىسى، خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدى شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى!

ئاق يول ساڭا، كۆرەشچان خەلقىمىنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە مەشئەلدەك نۇر چاچقۇسى ئىستىقلال گېزىتى!

تەڭرىم ساڭا ئەقىل - پاراسەت، ئىمان - ھىدايەت، ھۆر - ئىستىقلالىيەت نەسىپ قىلسۇن - ئامىن !!!





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەركىزى كومىتېتتىكىلەر ئەنقەرەدە مەمتىمىن بۇغرا قەۋرىسىدە

## خەلىقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئاخباراتى

ئەزىز ۋەتەنداشلار !

خەلقىمىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن خەلىقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى رەسمى قۇرۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزلەرنى قىزغىن تەبرىكلەپ تۆۋەندىكىدەك ئاخبارات ئېلان قىلىمىز:

ۋەتىنىڭ سىرتىدا قۇرۇلۇپ ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ يىل 8 - دېكابىر كۈنىدىن باشلاپ تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە باش قوشۇپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

تەشكىلات رەھبەرلىرى كېڭەشكە تۆۋەندىكى كىشىلەر قاتناشتى:

تۈركىيەدىن: شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن، شەرقىي تۈركىستان فوندى باشلىقى تۇرسۇن تارانچى، شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى باشلىقى سېيىت تارانچى ، قازاقىستاندىن : جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشلىقى فەرھات ھاسانوۋ، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى سابىت ئابدۇراھمان، قازاقىستان رىگئوناللىق ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قەھرىمان خوجامبەردى، قىرغىزىستاندىن : قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق جەمىيتىنىڭ باشلىقى نىغمەت ئابدۇلقادىر ، قىرغىزىستان بەشكەك ئىنسان ھەقلىرى، دىموكراتىيە جەمىيتىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ئىسلام ، ... مەركىزى ھەيئىتى باشلىقى

مەزگىلدە قانۇنى ئورگان بولۇپ ھېساپلىنىدىغان مىللى مەركەز تەسىس يىغىنىدا ئالدى بىلەن مىللى مەركەز نىزامنامىسىنىڭ لايىھەسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، مەلۇم تۈزىتىشلەردىن كېيىن قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن نىزامنامىگە ئاساسەن، مىللى مەركەزنىڭ ھوقوقلۇق ئورگىنى - مەركىزى كومىتېتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مەركىزى كومىتېت تەسىس تەشكىلات باشلىقلىرىدىن تەركىپ تاپتى.

مەركىزى كومىتېت ئۆزىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ ، رەھبەرى خادىملىرىنى سايلاپ چىقتى. دىموكراتىك تاللاش ئاساسىدا، ئوچۇق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان سايلام نەتىجىسىدە :

خەلىقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ رەئىسلىكىگە گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن،بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سېيىت تارانچى ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە فەرھات ھاسانوۋ، نىغمەت ئابدۇلقادىر، ئەسقەرجانلار سايلاندى.

ئىنتىزام - تەپتىش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تۇرسۇن ئىسلام، ئەزالىقىغا رەخىمجان روزىيېۋ ، ھامىت كۆكتۈركلەر سايلاندى.

مىللى مەركەز ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلىكىگە ئابلىكىم باقى سايلاندى.

مىللى مەركەزنىڭ پائالىيىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ، مىللى مەركەز تەركىۋىدە « ۋەتەن فوندى » تەسىس قىلىندى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت نىزامنامىسى بېكىتىلدى.

« ۋەتەن فوندى » رەئىسلىكىگە تۇرسۇن تارانچى ، مۇئاۋىنلىقىغا فەرھات ھاسانوۋ ۋە نىغمەت ئابدۇلقادىرلار سايلاندى. يىغىندا يەنە « مىللى مەركەزنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەتەنداشلارغا مۇراجىتى » مۇھاكىمە قىلىپ تەستىقلاندى.

مەركىزى كومىتېتنىڭ ئاخىرقى يىغىنىدا، مىللى مەركەز رەئىسىگە ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسىگە زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەتلەرگە قاراپ ، ھەر خىل ئىش بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈش تەۋسىيە قىلىندى. مىللى مەركەز رەئىسىگە يەنە يېقىندىن تەسىس قىلىنغان مىللى مەركەزنىڭ ھۆكۈمەت قانۇن ئورگانلىرىنىڭ رويىختىدىن ئۆتكۈزۈش - تەستىقلىتىش تەۋسىيە قىلىندى. ئۇنىدىن باشقا يەنە مىللى مەركەزنىڭ ئورگان گېزىتى « ئىستىقلال » نى نەشر قىلىش، خەلىقارا دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە « ۋەتەن فوندى » غا كىرىم قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس قارارلار ئېلىندى.

شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىمىز ۋەتەن داۋاسىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى !



مەركىزى كومىتېتتىكىلەر مۇستافا كامال ئاتا تۈرك قەۋرىسىدە

## خەلىقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ باياناتى

1998 - يىلى 9 ، 10 ، 11 - دېكابىر كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدە قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى قاتناشقان تەسىس يىغىنى ئېچىلدى. تەسىس يىغىنى ئارقىلىق خەلىقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى رەسمى قۇرۇلدى. بىز مىللى مەركىزىمىز قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكالاش بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندىكىدەك سىياسى بايانات ئېلان قىلىمىز.

مىللى مەركىزىمىز - مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا، مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا تايانغان ھالدا قۇرۇلغان بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان بولۇپ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق داۋا تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مىللى مەركىزىمىز - مىللى ئازاتلىق كۆرىشىمىزنىڭ جەڭگىۋار شتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ستراتېگىيىسىنى، تاكتىكىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مىللى مەركىزىمىز - ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق ئەركىنلىك كۆرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا

سېپتجان مېيتشوۋ، سرمانىيەدىن : شەرقىي تۈركىستان ياۋرو، بىر...
باشلىقى ئەسقەرجان ، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرا...
باشلىقى دولقۇن ئەيسا، شىۋىتسىيەدىن : شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى باشلىقى فارۇق سادىقوۋ، ئاۋىستىرالىيەدىن : شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئامىرىكادىن : ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىرلەشمىسى مۇئاۋىن باشلىقى رىشات ئابباس ، تەييارلىق ھەيئىتى كاتىۋاتلىرى : ئابلىكىم باقى، ھامىت كۆكتۈرك، رەخىمجان روزى .

كېڭەشمىگە قاتناشقۇچىلار جىددى مۇھاكىملەردىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدىكى ۋە خەلقارادىكى ھازىرقى پايدىلىق ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك كۆرەش ئېلىپ بارالايدىغان كوردىناتسىيون ئورگان - خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنى دەرھال قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر دەپ ھىساپلىدى.

كېڭەشمىگە قاتناشقۇچىلار ، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ۋە خەلق ئامممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ۋاكالەت ھوقوقىدىن پايدىلىنىپ ، مۇشۇ كېڭەشمىنى ، مىللى مەركەزنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان تەسىس يىغىنىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن - دەپ ھىساپلىدى.

شۇ ئاساستا ، بۇ يىل دېكابىر ئېيىنىڭ 9 ، 10 ، 11 - كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ يىغىن زالىدا تەسىس يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاشقان ھالدا، دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى. ئالدىمىزدىكى قۇرۇلتاي ئېچىلغىچە بولغان



مەركىزى كومىتېت ئەزالىرى تۈركىيە پارلامېنتىدا بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى باشلىقى مۇھسىن يازىجىئوغلۇ بىلەن بىللە .



## مىللى مەركەز رەئىسى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

مەھمەت رىزا 1925 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى رايونىدا تىۋىپ ۋە تىجارەتچى دادىسى خېلىل ئاخون ، ئانىسى سەئىدە خانىم ئائىلىسىدە توغۇلدى. دادىسىدىن كىچىك ئايرىلغان مەھمەت رىزا دىندار ۋە مەرىپەتلىك ئانىسى سەئىدە خانىمنىڭ تەربىيەسىدە، كېيىن تاغىسى ۋە ئاچىسىنىڭ ئېرى مەھمەت ئىمىن بۇغرانىڭ يېتىشتۈرۈشىدە چوڭ بولدى.

1932 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق قوزغۇلىڭى باشلانغاندا مەھمەت رىزا ئانىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە چىقتى ۋە قايتقاندىن كېيىن ھىندىستاندا، ئافغانىستاندا ئوقۇدى. 1937 - تۈركىيەگە كېلىپ ھەربى مەكتەپتە ئوقۇدى.

ئۇ 1948 - يىلى تۈركىيەنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر توپچى مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىدى. 1950 - 1951 - يىللىرى كورىيە ئۇرۇشىغا تۈرك قىسىملىرىدا ئوفىتسېر بولۇپ قاتناشتى. 1965 - يىلى يەنە تۈركىيە پىيادە ئەسكەر ئاكادېمىيىسىنى، 1966 - يىلى تۈركىيە ئالى قوماندانلار ئاكادېمىيىسىنى پۈتتۈردى ۋە قىسىملاردا قوماندان بولدى. 1973 - يىلى تۇغ گېنىرال بولدى. سەنتو ۋە ناتو قاتارلىق خەلقارا ھەربى تەشكىلاتلاردا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1977 - يىلى كەسپ ئالماشقاندىن كېيىن باش مىنىستىرلىكتە ئىشلەپ 1986 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان ۋەقپىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە .

مىللى مەركىزىمىز - ۋەتەن داۋاسىنى خەلقارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ، دۇنيا ئىسلام كونفىرانسى ۋە باشقا خەلقارا تەشكىلاتلارغا شۇنىڭدەك دۇنيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

مىللى مەركىزىمىز - مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ خەلقارادىكى بىردىن - بىر قانۇنى ۋەكىلى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىمزالاش، بىكارقىلىش، ئاخبارات ياكى بايانات ئېلان قىلىش ھوقوقلىرىغا ئىگە.

خەلقارادىكى بارلىق دوست دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئالاقىلىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن : خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى رەئىسى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

ئادرىسىمىز: تۈركىيە - ئىستانبۇل شەھزادە باشى دەدە ئەفەندى جاددەسى 4 - نومۇر
تېلىفون : 0212-5263576  0212-5268055
فاكس : 0212-5348067  0212-5260972



مەركىزى كومىتېت ئەزالىرى ئەنقەرەدە تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى، ھۆكۈمەت سۆزچىسى ئاخات ئەندىجان بىلەن بىللە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## شەرقىي تۈركىستان 30 يىللىق سىناق مەيدانى

( قۇرۇلتاي گېزىتىنىڭ 12 ـ ئۆكتەبىر خەۋىرى )

ئەنگىلىيە باش مىنىستىرى تونىي بلائىرنىڭ خىتايغا رەسمى زىيارەت قىلىشى ھارپىسىدا، خىتاينىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ھايات ۋە سالامەتلىكىنى ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە قانداق نابۇت قىلغانلىقىنى ، ئەنگىلىيە قانال 4 تېلېۋىزىيونى ھازىرلىغان ھۆججەتلىك فىلىمدا، خىتاي مەنبەئەلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. ... ئوتتۇرۇپ پاش قىلدى. خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى تەييارلىغان دوكلادلار، سىناق رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ بۇ ئاتوم سىناقلىرى تەسىرىدە رادئاكتىپ نۇرلاردىن قايسى دەرىجىدە زەھەرلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. رەسمى دوكلادلارغا قارىغاندا، ئاتوم سىناق مەيدانى يەرلەشكەن رايون ئەتراپىدىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان مەركەزلەردە ياشىغان خەلقلەر، راك، ئۆسمە، قان بۇزۇلۇش، مىيىپ تۇغۇش قاتارلىق كىسەللەرگە باشقا رايونلاردا ياشاۋاتقانلاردىن % 40 ئارتۇق گىرىپتار بولىدۇ. ئاتوم سىناقلىرى ئۈچۈن تاللانغان رايون ئۈرۈمچى يېنىدىكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يەر. دوكلادقا قارىغاندا سىناق ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ تاللىنىشىدىكى ئەسلى سەۋەپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ تېبەتلىكلەرگە ئوخشاش ، پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش ، ھەرىكەتلىرىنىڭ خەۋپىنىڭ مەۋجۇتلىگى. خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى ئاتوم سىناقلىرى 30 يىلدىن بېرى توختىماي ئېلىپ بېرىلدى. تۇنجى سىنىقنى بۇ رايوندا 1964 ـ يىلى ئېلىپ بارغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئەڭ ئاخىرقىسىنى 1996 ـ يىلى 30 ـ ئىيولدا سىناق قىلدى. خىتايلار ئاتوم سىناقلىرىنى پەقەت 1980 ـ يىلدىلا يەر ئاستىدا ئېلىپ بارغان. شۇ چاغقىچە ھەممىسى يەر ئۈستىدە خەلقنىڭ سالامەتلىگىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلدى. 30 يىلدىن بېرى 47 قېتىم سىناق ئېلىپ بارغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز ھۆججەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ھۆججەتلىك فىلىم ھازىرلىغان قانال 4 تېلېۋىزىيونى ، ئېلىپ بېرىلغان سىناقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىروشىمادىكىدىن 300 ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىگىنى تەكىتلىدى.



شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي شەھەرلىرىگە ئالداپ ۋە زورلۇق بىلەن ئوغۇرلاپ كېتىلگەن مىڭلىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

## 8 خىتاي ساقچىسى ئۆلتۈرۈلدى

ئۈرۈمچىدىكى خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلىنىڭ پاش قىلىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ ۋە 8 ـ كۈنلىرى خوتەن شەھەر ئىچىدە ۋىلايەتلىك خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 4 نەپەر رازۋىتچىگى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ 4 نەپەر ساقچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ 1 ـ دەرىجىلىك جىددى ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈپ پۈتۈن ۋىلايەت ۋە ئەتراپىنى قورشاپ ، قاتىلنى توختۇتۇپ ئادەم ئۇتۇشقا باشلىغان خىتاي ساقچى ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ساقچىلارنى ئۆلتۈرگەن ئىستىقلالچىلار قېچىپ كەتكەن.

## ئۈرۈمچى بانكا ۋەقەسىدىكى ناھەقچىلىق

بۇلتۇر ، ماي ئېينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۈرۈمچى رەستە (نەنمىڭ ) دىكى خىتاي بانكىسىغا قوراللىق بېسىپ كىرگەن 4 نەپەر ماسكىلىق بۇلاڭچى 300 مىڭ ئامرىكا دوللىرى نەق پۇلنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ئىشنى تالىپلار قىلدى دەپ گۇمانلىنىپ ، شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە بىشىغا دوپپا كەيگەن 50 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشنى قالايمىقان تۇتۇپ سولاپ قويغان. كۆپ ۋاقت ئۆتمەي پۇل بۇلىغان 2 نەپەر خىتاي تۇتۇلغان. 2 نەپەر خىتاي پۇللارنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ناھەق تۇتۇۋالغان ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ قىيناپ 20 كۈندىن كېيىن قويۇۋىتىشكە مەجبۇر بولغان.

دەھشەتلىك ۋەقە !!!

## غۇلجىدا 3000 ئۇيغۇر بالا ئوكۇلدا زەھەرلەندى

بۇلتۇر 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئالتە يېزا، بازار، مەيدانىدىكى 12300 نەپەر ئوقۇغۇچىغا غۇلجا شەھەرلىك سەھىيە تارماقلىرىدىن چىققان خىتايلار مەجبۇرى ھالدا ئا . توپ ئېقىمى مىگە كۆپ شىكەرلىك ۋاكسىنا ئوكۇلى سالغان. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 14 تىن 30 ـ كۈنى سائەت 20 گىچە ئۈچئون يېزىسى، سادىقيۇزى يېزىسى، ئونيار يېزىسى ، ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى 16 كەنتتىن 7 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان 2996 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ـ ئۇيغۇر باللار بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا جىددى ئاغرىپ قالغان كۆپ قىسمى دوختۇرخانىدا ياتقان. خېلى كۆپ قىسمى جىددى قۇتقۇزۇلغان. بېشى ئاغرىش، قىزىتمىسى ئۆرلەش، بۇرنىدىن قان كېتىش، پۇت ئاغرىش كىسەللىرى تەگلا قوزغالغان بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر بولىشى، بۇلتۇر ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردىن بولىشى ۋە ئوكۇل بىلەن تەگلا ئاغرىشى بۇ ئىشنىڭ قەستەن قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

ئەمما ئۈرۈمچىدىن ئېۋەتىلگەن ، مەخسۇس مۇتەخەسىس ، لەر تېمپىراتورا تۆۋەنلىگەنلىكتىن زۇكام بولغان ، دەپ يەكۈن چىقىرىپ خىتاي گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىپ خەلقنى ئالدىغان . ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدە يوقىرىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلغاندا 367 بالىنىڭ يەنىلا دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان.

ئەجەپلىنەرلىك ئىش شۇكى، خىتاي باللىرىنىڭ ياكى ئوكۇل ئۇرۇلمىغان باللارنىڭ زۇكامداپ ئاغرىمىغانلىقى ـ خەلقنىڭ دىگىنىدەك : بۇلتۇرقى ۋەقەدە ئۆلگەن خىتاي ئەسكەر ـ ساقچىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش مەخسىتىدە خىتايلارنىڭ قەستەن پىلانلاپ زەھەرلىك ئوكۇل ئۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىماقتا.






## 4 ـ قېتىملىق تۈرك دۇنياسى يازارلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

ئەسلىدە ئالماتادا ئېچىلماقچى بولغان 4 ـ قېتىملىق تۈرك دۇنياسى يازارلار قۇرۇلتىيى بۇيىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ گۈزەل ساياھەت شەھرى ئانتالىيەدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا تۈركىيە ۋە تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ، شۇنىڭدەك ئاتاغلىق يازغۇچىلىرى قاتناشتى. سابانچى كونگىرە مەركىزىدىكى ئېچىلىش مۇراسىمىنى



شۋېتسىيەدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى فارۇق سادىقنىڭ باشچىلىقىدا توختىماي نامايىش قىلىپ، ياۋرۇپادا ۋەتەن داۋاسىنى ئاڭلاتماقتا.

## « ئىستىقلال » غا بېغىشلىما

ئىستىقلال - ئۇ خەلقىمىزنىڭ دىل سۆزى ،
ئىستىقلال - ئۇ ئەلنىڭ ئۈمىت يۇلتۇزى ،
ھەقىقەتنىڭ قۇرلىرىدا نامايان ،
مىللىتىمنىڭ كېلەچىگى - كۈندۇزى .

كەل ئىستىقلال ، باغرىمنى كەڭ ئېچىپ كەل،
خەلقىمگە ھۆر - بەخت نۇرى چېچىپ كەل،
غەزىنىڭدىن كۆل بوپ ياتسۇن جاھالەت ،
يىشىلمىگەن تۈگۈنلەرنى يېشىپ كەل .

ئېرىپ كەتسۇن قىسمەتنىڭ مۇز تاغلىرى ،
ھەم يۇيۇلسۇن ئەلنىڭ يۈرەك داغلىرى ،
يۇلتۇز بولۇپ چاقنىغاندا يۇرەكلەر ،
پارلىغۇسى ئىستىقلالنىڭ تاڭلىرى !




ئامېرىكادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۆز تەشكىلاتلىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ۋەتەندىكى خىتاي زۇلمىغا قارشى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قاناتيايدۇرۇپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىغە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## ئۇيغۇرۇم

سابىت ئۇيغۇرى

ئۆز ئېلىدە قۇل بوپ ئۆمۈر سۈرگەن ئۇيغۇر،
چەت ئەللەردە مۇساپىر بوپ يۈرگەن ئۇيغۇر،
ۋەتىنى بار تۇروغلۇق ۋەتەنسىز بوپ ،
دۇنيانىڭ ئازاۋىنى كۆرگەن ئۇيغۇر !
دەرت قالدىمۇ بۇ دۇنيادا سەن تارتمىغان؟
غەم قالدىمۇ خىياللاردا سەن پاتمىغان ؟
پىشانەڭ سىنىڭ شۇنچە شورلۇقمىدى ،
ئۆزگىگە ئاتقان تاڭلار ساڭا ئاتمىغان !؟
ئۇيغۇرۇم دەردىڭ مىڭ خىل، داۋاسى بىر،
ئۇ پەقەت، مۇستەقىللىق - دېگەن تەقدىر،
قولۇڭدا شۇ ئەنگۈشتەر بولمىسا گەر،
ياتلارغا خار بولغىنىڭ بولغان، ئاخىر !
ئەركىنلىك - ئۇ ئىنساننىڭ بەختى ئېرور،
ئەركىنلىك - ئۇ ئىنساننىڭ تەختى ئېرور،
تاڭ ئاتتى ، ئۆزگە ئەللەر ئالغا كەتتى،
ساڭىمۇ ئويغىنىشنىڭ ۋا... ،

## يىراق ئەمەس

سۇلتان ماھمۇد قەشقىرى

لەپىلدەپ تۇرار ھەرخىل تۇغ - بايراقلار،
بىرلەشكەن مىللەتلەرنىڭ بىناسىدا.
بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق بىرلا مېنىڭ ،
بايرىقىم بۇ بىنانىڭ سەيناسىدا .
بايراقلار يۈكسەك ئېگىز مومىلاردا،
يەلپۈلدەپ دولقۇنلىنار قىلىپ جەۋلان.
بەختىمنىڭ تەتۈرلىگى ، قىسمىتىگە،
ئىچىندىم ، ئازاپلاندىم بولۇپ ھەيران.
باسقۇنچى ياۋۇزلارنىڭ زۇلمىتىدىن،
ئۇيغۇرنىڭ ھالى بۈگۈن ئېغىر، يامان.
ئۇيغۇرنىڭ تارىختىكى شەۋكىتىگە ،
دۆلىتى ، تاج - تەختىگە گۇۋا جاھان.
بايراقلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالسا ،
مېنىڭمۇ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايرىقىم.
ئۇ ئاندا تاقىشاتتى بېشىم كۆككە ،

## ئۈمىد ئۆرگە، ئۈمىدسىزلىك گۆرگە باشلار

مەخمۇد ئەكرەم

بار ئاجايىپ نەسىھەتكوي ۋايىسغاقلار،
ۋەتەندىن گەپ ئاچتىڭمۇ گەپ بەرمەيدىغان.
- ياۋ چىشىغا تەگمەستىن تىنچ ياشايلى، دەپ،
باش ئىگىشتىن باشقىنى ئەپ كۆرمەيدىغان.
« كۆزى ئوچۇق ئەجدەرنىڭ بېشىن چوقۇپ،
خەقنى ئوتقا تاشلىماقتىن نىمە پايدا ؟
سەن ياخشى دەپ تىنىچقىنا ياشاش كېرەك ،
بالا - قازا ئاپەتلەردىن ساقلا ، خۇدا » .
مانا شۇنداق نائۈمىد كور بەندىسىگە،
مەن يارانتىم،سەۋەپ سەندىن دېگەن خۇدا،
غەپلەت بېسىپ قۇل بولۇشنى كۆرمە راۋا،
خۇدا بەرگەن ھەق ھوقوقتىن بولما جۇدا.
قاچانمۇ بىر قوتاندا قوي ۋە بۆرى ،
تىنچ خاتىرجەم ئۆزئارا ئەپ ياشىيالىغان؟!
پۈتلاردىكى كىشەنلەرنى چاقماي ئىنسان ،

## پاك قەلبلەر بىرلەشكەن ھامان

قەيسەر

دەھشەتتىن ئىگرىماقتا ئۇيغۇر ئېلى ،
تۇنجۇقۇپ بوغۇلماقتا قەدىمى يۇرت.
زۇلمەتلەر ۋاباسىدىن قىرىلىپ ئەل ،
ھۆكۈمران بۇندا قىش - ياز ئاپەت ۋە جۇت.
قېرىنداش خوشنىلىرىم كۆلدى بۈگۈن ،
مۇستەقىللىق ئامتى ، شەرىپىدە.
ئۆزبېگىم بەزمە قۇردى كۆكرەك كېرىپ،
كوراگان ئەمىرىنىڭ شۆھرىتىدە.
قازاقنىڭ ئۆلەڭلىرى، قىرغىز ئىرى،
ئىستىقلال ساداسىدا كۆكتىن ئاشتى.
تۈركمەن، ئازاربەيجان شاتلىقلىرى ،
ھۆرىيەت ئاسمىنىغا چېچەك چاچتى.
خوشنىمىز بەخت قۇچسا، زاۋال كۆرسەك،
دوستىمىز خوشال كۈلسە، كۆزياش تۆكسەك
ياراتقان ھەغدا ئىگەم راۋا كۆرمەس
قېرىنداش ...

كۆرەشكە بېغىشلايلى ، بارىمىزنى،
كۆرەشنىڭ يالقۇنجىغان ئوتلىرىدا،
ئاقلايلى ، « ئۇيغۇر » دېگەن نامىمىزنى.

## ھەسرەت

### رەخىمجان ھەسرىتى

نېمە دېگەن گۈزەل ۋەتەن بۇ ،
كەلگۈندىگە ، ئەمما ئۆزى قۇل ،
بىر نۇرانە جانان ئىكەنغۇ ،
كۆڭلى سۇنۇق ، كىيىمى جۇل - جۇل .
نېمە دېگەن چەكسىز گۈلشەن بۇ ،
بىراق قوينى قۇزغۇنغا ئۇۋا ،
ئەمما بەركەت تاپقان يەر سەنغۇ ،
ئەزىز ئانا - ئاھ ئۆكمەس توگا.
بۈگۈن تويماي قارايمەن ساڭا ،
تۇپرىقىڭنى يىتىپ پۇرايمەن ،
مۇشۇ قۇتلۇق تۇپاك بوپ كەتمەي،
باش كۆتىرىپ قانداق تۇرايمەن ؟
مىنىڭ كۆزۈم شۇنچە كورمىدى،
جامالىڭنى نىچۈن كۆرمىدى ؟
ئەشۇ ئېغىر گۇناھىم ئۈچۈن،
ھازىرغىچە كۆزۈم قۇرىمىدى.
ئۆمرۈم ئۆتتى مەن سىنى يادلاپ،
قاچانغىچە ئۆتىمەن دادلاپ،
جازارىڭدۇر؛ ئۆتكۈنۈم ئۈچۈن،
ئېغىرىڭنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ.

بايراقنى قايتا كۆككە تىكلەش ئۈچۈن ،
كۆرەش قىلماق كېرەك دائىم تىكىپ جاننى.
ئۆزلىگىدىن پارلاق مەنزىل ھېچ كۆرۈنمەس،
ئاشمىغۇنچە قات - قات ئېگىز تاغ - داۋاننى.
داۋانلار ئېشىپ كەلگەن ئەجدادىمىز،
كۆكسىنى جۇدۇنلارغا قىلىپ قالقان .
ھەقسىزلىق ، قارا زۇلمەت قورغانلىرى،
بولىدۇ ھېچ شۈبھىسىز كۈكۈم - تالقان!
ئالەمنىڭ ئېقىشنى بىلمىگەنلەر،
ئۆزىچە دەيدۇ بۇنى خىيال - ھەۋەس.
كۆرەشتىن ئېچىلىدۇ ئارزۇ گۈلى ،
بۇ كۈنلەر ئىنشائاللاھ يىراق ئەمەس.

1990 - يىل 10 - ئاي نىۋيورك - ئامىرىكا

تارىخ ئىسپات ئىسكەندەر ھەم چىنگىزخانمۇ ،
ئاغدۇرۇلغان سۈرەلمەستىن مەڭگۈ دەۋران .
ناپالىئون ، گىتلېرنىڭمۇ تەقدىرى بىر،
ئادالەتسىز زالىم ھامان بولغان گۇمران !
بۇ دۇنيانى تىترەتكەن كېچەش ئېلى ،
ھەيۋىتى زور قۇدرەتلىك قىزىل قورغان .
چىرىپ تۈپتىن ئۆزى غۇلاپ تۈگەشتىغۇ،
ھەق ئادالەت ئەزەلدىن غەلىبە قىلغان .
كېلەچەككە ئۈمىد بىلەن ياشاش كېرەك ،
ئۈمىد ئۆرگە، ئۈمىدسىزلىك گۆرگە باشلار.
ئۈمىد - ئىشەنچ،

ئىشەنچ - كۆرەش،

كۆرەش ھايات ،

كۆرەش بىلەن ھۆر كېلەچەك ئىشىك ئاچار .

بىزمۇ تەك ئىستىقلال دەپ چوقان سالساق،
تەكلىنەر يۈزلەپ قىلىچ بېشىمىزغا،
يوشۇرۇن پىلان تۈزۈپ كۆرەش قىلساق،
جاسۇسلار كىرىپ ئالار قوينىمىزغا.
ئېزىلىپ ماھمۇت بىلەن يۈسۈپ روھى،
سادىرنىڭ ئەرۋاھىمۇ چېكەر ئازاپ .
خەلىپە تۆمۈر بىلەن غېنى باتۇر ،
غەزەپتە گۈكرەيدۇ دولقۇن ياساپ.
ياڭرايدۇ يۈرىگىمدىن ئوتلۇق ندا ،
« ئۈمىتلىك كۆرەشكىن، ئىنتىلگىن ھامان،
ئىستىقلال ئىشىگى ئېچىلار شۇ كۈن ،
پاك - تىنىق قەلبلەر بىرلەشكەن زامان » .




ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى، رەئىس ئەخمەت ئىگەمبەردى يىتە كېچىلىگىدە ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.



سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز تۈركىيە ئىستانبۇل بۈيۈك شەھەر باشلىقى تايىپ ئەردوغان بىلەن بىللە مەككىدە.

## ئاماندۇرمەن

### ئابدۇشۈكۈر تەۋپىق

سېنىڭ باشىڭدا ئەغيانلار غېمىڭ بىرلەن مالالدۇرمەن،
كۆرۈك ھەرجايىدا دۈشمەن كۆپ تىلىم سۆزسىز قامالدۇرمەن.
بەختىكە مۇپتىلا بولدۇم قاچانكىم ساڭا ئاشيانمەن،
دىلىم كۈلگەندە تىل كۈلگەي ساڭا باقى ئوغۇلدۇرمەن.
« چىراي كۆر ھالىنى سور » دەر ئەزەلدىن بار ئىمىش نەقىل،
ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغاچ ئەجەپ خوشخۇي جامالدۇرمەن.
گويا نۇرسەن يېنىپ تۇرغىن ئوتۇڭنى ھېچ ئۆچۈرمەسمەن،
مادارىڭ ئىلكىدە بەختىم مەگەر پانۇ ماكاندۇرمەن.
مىنىڭ سۆيگۈم سېنىڭ ئىشقىڭ ھاياتقا ئەيلىدىڭ مەنا ،
ئەگەر سەنسىز كۈنۈم بولسا پايانىڭدا ساماندۇرمەن.
سېنىڭ قوينۇڭ بېھىش - جەننەت ئەقدەم سەن ئۈچۈن زاتەن،
سېنى كۈيلەپ ئۆلۈپ كەتسەم پۈتەر ئارمان ھالالدۇرمەن.
خىيالىم قۇش كەبى ئۇچسا قاناتى سەن ئۆزەڭدۇرسەن،
سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلسەم جەھەننەمدىن ئاماندۇرمەن.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىستىقلال

1999 ـ يىل 2 ـ ئاي 2 ـ سان

DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ MERKEZİ YAYIN ORGANI — İSTİKLAL — خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئورگان گېزىتى

### خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ۋەتەن فوندى ھەيئىتى

## پۈتۈن دۇنيادىكى ۋەتەنداشلارغا مۇراجەت

قەدىرلىك قېرىنداشلار !

سىز بىلەن بىزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئارزۇيىمىز بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى. ۋەتىنىمىزنىڭ سىرتىدىكى مىللى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان كوردىناتسىيەن ئورگان ـ مىللى مەركىزىمىز رەسمى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

ئازاتلىق ـ ھەممىمىزنىڭ بۈيۈك غايىمىز، گۈزەل ئارزۇيىمىز. بۇ يولدا ئەجداتلىرىمىز يۈز يىللاپ كۆرەش قىلدى. ھېساپسىز قۇربانلارنى بەردى. ئەندى بىز نۆۋەتتە بۇ مۇقەددەس كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىمىز.

بىز ياخشى بىلىمىزكى، ۋەتەننى ئازات قىلىش ئاسان ھەل بولىدىغان ۋەزىپە ئەمەس. شۇنىڭدەك ھېچبىر شەخسنىڭ ياكى ھېچبىر پارتىيىنىڭ خۇسۇسى ئىشىمۇ ئەمەس. ھەممىمىزنىڭ ـ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. ھەممىمىز بىرلىشىپ كۆرەش قىلغاندىلا يەتكىلى بولىدىغان ئالى نىشان. مىللى مەركىزىمىز مۇشۇ ئېغىر مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كۆرەش مەيدانىغا چىقتى. بىراق، بىز خەلقىمىزنىڭ ـ سىلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋەتلىشىڭلارغا مۇھتاج. بىز مىللى مەركەز تەركىۋىدە ۋەتەن فوندىنى تەسىس قىلدۇق. ئۇنىڭ نىزامنامىسىنى تەسدىقلاپ مەسئول ئادەملەرنى بىكىتتۇق. نىزامنامە بويىچە، فوند مەبلىغى پەقەت ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. كىرىم ـ چىقىم ھېساۋى ئىنتىزام ـ تەپتىش كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىنىدۇ. مالىيە تۈزۈمىگە قەتئى رىئايە قىلىنىدۇ.

بىز ۋەتەنىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى بىزنىڭ مۇقەددەس مىللى داۋايىمىز ـ ئازاتلىق كۆرىشىمىزنى قوللاشقا، ۋەتەن فوندىغا ئەزا بولۇپ ماددى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشقا چاقىرىمىز. بىر ئادەم بىر دوللاردىن يىغساق ۋەتەن سىرتىدا 2 مىليون دوللار توپلىيالايمىز.

ئەزىز ۋەتەنداشلار !

بىز سىزنىڭ مۇسۇلمانلىق ئىمانىڭىزغا، ئىنسانى ۋىجدانىڭىزغا، ئۇيغۇرلۇق غورۇرىڭىزغا مۇراجەت قىلىۋاتىمىز ! ۋەتەندە دۈشمەننىڭ ئىپلاس ئايىقى ئاستىدا ھايۋاندەك خورلىنىۋاتقان، قىرىلىۋاتقان بىچارە خەلقىمىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ ! دۇنيادىن يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان مىللىتىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ ! شۇ بىچارە خەلقىمىز بىزدىن جىھاد كۈتىدۇ ! ياراتقان رەببىمىز بىزدىن شۇنى كۈتىدۇ. ۋەتەن فوندىغا ئەزا بولۇپ، مىللى ئازاتلىق كۆرىشىمىزگە ھەسسە قوشۇش ھەربىر ۋەتەنداشنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، چەتتە قاراپ تۇرۇش نومۇس !

ھېچبىر ئۇيغۇر، ھېچبىر شەرقىي تۈركىستانلىق بۇ شەرەپلىك مەسئولىيەتنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا بىز ۋەتەننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنداق مۇراجەت قىلىمىز :

ھەممىمىز ۋەتەن فوندىغا ئەزا بولايلى ! ۋەتەننى ئازات قىلىش ھەرىكىتىمىزگە بىركىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشايلى !

ھەممىمىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلساقلا، ئىنشائاللاھ ، ئازاتلىق كۈنلىرىمىز يىراق ئەمەس !



شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ئەنقەرەدىكى مەزگىلدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېمۋولى بولغان پارلامېنت زالىدا بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى رەئىسى مۇھسىن يازىچىئوغلۇنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلىماقتا.

## شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئوچۇق خېتى

( خەلقارا تەشكىلاتلار، دۆلەت باشلىقلىرى ۋە چەتئەل ئەلچىلىرىگە سونۇلغان ئوچۇق خەت )

ھۆرمەتلىك :

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ناھايىتى جىددى بىر قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە.

چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر رايونىدىكى سوت مەھكىمىلىرى ئارقىلىق مەخپى سوت ئېچىپ 29 نەپەر ئۇيغۇر مۇسۇلمان ياشقا ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق جازالارنى بېرىپ 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئىجرا قىلماقچى . بۇ ياشلار 1997 ـ يىلى غۇلجا رايونىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى ۋە ياكى قاتناشقانلارغا ياردەملەشتى دىگەن گۇمانلار بىلەن تۇتۇلغان بولۇپ، چىن كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوت مەھكىمىلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىدىن يوشۇرۇن ۋە مەخپى سوت ئېچىپ ئادالەتسىز قارار چىقارغان.

بىز 30 مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ـ گۇناسىز ياشلىرىمىزنى ئادالەتسىز ھۆكۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىزدىن جىددى ياردەم تەلەپ قىلىمىز !

1. خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى نازارىتى ئاستىدا، خەلقارا قانۇنلار ئۆلچىمى ئاساسىدا ئوچۇق سوت ئېچىلىشىنى جىددى تەلەپ قىلىمىز.

2 . ئوچۇق سوتتا ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلەر ۋە ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلارنىڭ خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى جىددى تەلەپ قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى باشلىقى :

گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

### خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ مەركىزى كومىتېتى ئەزالىرى



مىللى مەركەزنىڭ پىراگىرامما ۋە نىزامنامىسىنى ئەتراپلىق ھەمدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ بىكىتىپ چىقتى.

سۆرەتتە : مۇزاكىرىگە قاتناشقان بىرقىسىم ھەيئەت ئەزالىرى بىللە.



شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ ئوچۇق خېتى

( خەلىقارا تەشكىلاتلار، دۆلەت باشلىقلىرى ۋە چەتئەل ئەلچىلىرىگە سونۇلغان ئوچۇق خەت )

پۈتۈن ئىنسانلار كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك، ئىنسانلىق تارىخى ئۈچۈن نومۇس قىلغىدەك ئەلەملىك، ۋەھىمىلىك بىر ئەھۋالدىن سىزگە مەلۇمات بېرىش ۋە سىزنى خەۋەردار قىلىشنى ۋەزىپەم ھىساپلايمەن.

1 - بۈگۈن چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىۋاتقان بىر ئاپتونوم رايوننى تەشكىل قىلغان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆز ئىگىلىرى، 1759 - يىلىدىن بېرى ، كوللىكتىپ يوق قىلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر ھالدا ياشىماقتا ۋە يوقۇلۇش تەھلىكىسىگە دۇچ كەلمەكتە.

2 - مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ۋە ئىرقچىلىق بويۇنتۇرۇقى پۈتۈن دۇنيادا ئاخىرلىشىشقا يۈز تۇتىۋاتقان بىر چاغدا، چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمرانلىرى ، شەرقىي تۈركىستاننى سىياسى، تارىخى، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىنسانى مەۋجۇدىيەتتىن مەڭگۈلۈككە يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن، بۇدۆلەتنى بارلىقى بىلەن چىنغا قوشۇۋېلىپ، خىتايلاشتۇرماق مەقسىدىدە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك بىر ئاسىملاتسىيە پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى يولغا قويماقتا.

3 - شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەۋجۇتلىگىنى، ھوقوقىنى ۋە غوررورىنى قوغدىغان زىيالىلار ئېغىر بىسىم، قىيىن قىستاق ۋە تەھدىتلەر بىلەن ، ئۆلۈم ۋە قانلىق باستۇرۇش يولى بىلەن ئۈجۈقتۇرۇلماقتا. ياشاش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى ۋە مۈلۈكلىرى تارتىۋېلىنماقتا. ئولتۇراق جايلار ئۆزلۈكسىز كېلىۋاتقان خىتاي كۆچمەن كوللىكتىۋىغا بېرىلىپ، يەرلىك خەلقلەر ياشاش تەس بولغان ئۇنۇمسىز يەرلەرگە ھايدالماقتا.

4 - شەرقىي تۈركىستانىنىڭ باي تارىخى، مىللى ئەنئەنىۋى مەۋجۇدىيەتلىرى ھەممە بايلىقلىرى تالان - تاراج قىلىنماقتا.

5 - شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئائىلە قوغدۇنۇش ھۆررىيتى قولىدىن تارتىۋېلىنماقتا. ئائىلە ھاياتى ئېغىر بېسىم ئاستىدا داۋام قىلماقتا. ئۇلار يەرلىك خەلقلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن خىتايلاربىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. يەرلىك خەلقلەرنىڭ بالا تېپىشىنى توسۇش ئۈچۈن زورلۇق ئوپىراتسىيەسى قىلماقتا. يەرلىك خەلقنى مۈلۈكسىزلەشتۈرمەك ۋە قۇل قىلماق ئۈچۈن ئېغىر باج - ئالۋاڭلار ئېلىنماقتا. بۇ جىنايەتلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز يۇرتلىرىدا ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈرۈپلا قالماستىن، كوللىكتىپ يوقۇلۇش خەۋپىنى پەيدا قىلماقتا.

بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىبەت خەلقىنىڭمۇ بېشىغا كەلگەنلىگىدىن دۇنيا جامائىتى خەۋەردار بولسىمۇ، پەقەت شەرقىي تۈركىستاندا بولىۋاتقان دەھشەت تىبەتكە سىلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىردۇر.

6 - بۇ ئىچىنىشلىق ئەھۋال، ئەمىلىيەتتە پۈتۈن ئىنسانلارغا قارشى قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت سالىدىغان بىر ئومۇمى جىنايەت بولۇپ شەكىللەنمەكتە. يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ غەرپكە، ئاسىياغا كېڭىيىش يۆلۈنۈشىدىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە.

7 - بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەر قايسى دەۋرلەردە خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ ، ھۆر دۇنياغا تارقالغان ، مەزلۇم خەلقىمىز دۇچ كەلگەن زۇلۇمنى ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى ئىنساۋىغا سۇنغان ئەۋلاتلار ، سىزلەرگە شۇنداق خىتاپ قىلىمىز:

شەرقىي تۈركىستانغا ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن بۇ تەھدىتكە بىپەرۋا قاراپ تۇرماڭلار.

ھۆر ۋە مەدەنى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تەشكىلاتلىرى مىللى مەركەز ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ، كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان مىللى قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى، ئىرقچىلىق جىنايەتلىرىنىڭ پاكىتلىرىنى مىللى مەركىزىمىز ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگىنىچە سىلەرگە ئاڭلىتىمىز.

تىنچلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ مىللەتلەر ئارا قوللاش ۋە ئىش بىرلىكىگە بولغان ئارزۇيىمىزنى سىلەرگە بىلدۈرىمىز. بىزنى ئالاقىسىز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز.

ئەڭ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن : گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

## تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى خاتىرلەندى

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 75 يىللىقى خاتىرلىنىۋاتقان پەيتتە، ئىستانبۇلدا تىخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان - 1933 - ۋە 1944 - يىللىرى 11 - ئاينىڭ 12- كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەرنى خاتىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىڭلىغان ئايىيولتۇزلۇق كۆك بايراقلار لەبلىدەپ تۇرغان ئىستانبۇل زەيتىنبۇرنى تەنھەرىكەت سارىيىدا شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن 1000 غا يېقىن كىشى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى خاتىرلىدى. شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى نامىدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى روخستى بىلەن ئېچىلغان بۇ يىغىنغا تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى ، ھۆكۈمەت باياناتچىسى پىروفىسسور ئەخەت ئەندىجان ، سابىق دۆلەت مىنىستىرى ، مىللەت ۋەكىلى ئەلى جۇشقۇن، پەزىلەت پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن رىزا ئۇلۇجاق، پىروفىسسور نەۋزات يالچىنتاش، مىللەت ۋەكىلى ئوسمان تەپە، مىللەت ۋەكىلى ئۆمەر فارۇق، پىروفىسسور تۇران يازان، پىروفىسسور ئابدۇقادىر دونۇق، گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن، قازاقىستان ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى باشلىقى سابىت ئابدۇراھمان قاتارلىقلار ھەمدە ئانا ۋەتەن، توغرى يول، رىفا، مىللەتچى ھەرىكەت، بۈيۈك بىرلىك، دېموكراتىك تۈركىيە، مىللەت پارتىيىلىرىنىڭ ۋىلايەت ۋە شەھەر باشلىقلىرى، مەسئۇللىرى ، ۋەكىللىرى ، نىزامۇلئالەم، ئۈلكۈ ئوجاقلىرىنىڭ باشلىقلىرى ، ئاۋراسىيا فىدراتسىيونىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل چىنگىز، ئىراق تۈركلىرىنىڭ باشلىقى ساۋاش ئاۋچى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى . شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ باشلىقى سېيىت تارانچىنىڭ ئېچىلىش سۆزى بىلەن باشلانغان يىغىندا سۆزگە چىققان دۆلەت مىنىستىرى ئەخەت ئەندىجان ئۆز سۆزىدە 2000 - يىللاردا سانى 7 بولغان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرلىك ، باراۋەرلىك ئاستىدا كۆرەش قىلىپ 8 - سىنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ، گېنىرال رىزا بەكىن، پىروفىسسور ئا. دونۇقلار سۆز قىلىپ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان چىكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىگە ، ھۆررىيىتىگە، ئېرىشىش يولىدىكى كۆرەشلىرىگە قولدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شائىر سابىت ئابدۇراھماننىڭ يىغىندا ئوقۇغان « ئۇيغۇرۇم » ناملىق جەڭگىۋار شېرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. شەرقىي تۈركىستان سەنئەت ئۆمىگى تەرىپىدىن يىغىن ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا ھاياتىنى پىدا قىلغان قەھرىمانلار مەدھىيەلەنگەن سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. يىغىن داۋامىدا رەسىم كۆرگەزمىسى، ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىش، كىتاپ - ژورنال تارقىتىش پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلدى.



# 1950 - يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

ئاپتورى ۋاڭ داۋېي    ( ئالدىنقى پوست ژۇرنىلى ماقالىسى 1998- يىل 11 - ئاي )

تەھرىردىن : بۇ ماقالا بىر خىتاي ئەرىپىدىن يېزىلغان . شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە خىتاي كۆزى بىلەن باھا بېرىلگەن. ئاتالغۇلارمۇ خىتايلارنىڭ نەزىرى بويىچە ئىشلىنىلغان. تەنقىدى پايدىلىنىشىڭلارنى سورايمىز .

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىمنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن تەڭ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمۇ بىر يەسىپ، بىر كۆچىيىپ تۇردى. 30 - ، 40 - يىللاردا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەر ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇردى. بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ھېلىغىچە مەۋجۇت بولماقتا.

## 50 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قوزغىلاڭلار

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى كۆپىنچە جەنۇبى شىنجاڭدا ۋە شىمالدىكى غۇلجىدا پارتلىغان. بۇنىڭ تارىخى سەۋەبى بار . تارىختىكى ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بۇ جايلاردا قۇرۇلغان. بىرى 30 - يىللاردا قەشقەر ، خوتەنلەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى. يەنە بىرى 1944 - يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي رايونىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى. 50 - ، 60 - يىللاردا قەشقەر ، خوتەن، غۇلجىلاردا پارتلىغان قوزغىلاڭلار 30 - ، 40 - يىللاردىكى تارىخنىڭ كېيىنكى تەسىرلىرى. مەمتىمىن بۇغرا شىنجاڭدا پانتۈركىزىم بىلەن پانئىسلامىزىمنى پەيدا قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ بىرى. 1931 - يىلى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ پارتلىغاندا گەنسۇدىكى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرىپ قوللىدى. شىنجاڭدىكى ھەربى ھاكىمىيەت شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلىغاندا، مەمتىمىن بۇغرا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيەگە تايىنىپ ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ماجۇڭيىڭ چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇلارنى يوقاتتى. مەمتىمىن بۇغرا قېچىپ كەتتى. ئۇ 40 - يىللاردا شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىلگىرى يەنە قېچىپ كەتكەن مەمتىمىن بۇغرانىڭ ، خوتەندىن ئۆتكەندە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادىمى ئابدۇلھېمىت داموللام 1954 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار خوتەن ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى باستۇرۇلدى. بۇ ۋەقەدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ، خوتەن ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئوخشاش ۋەقەلەر كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ئۇ چاغلاردا ، 30 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستان جىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھايات ئىدى. شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزىلىۋاتقاندا قوزغىلاڭنىڭ شۇئارى « كوممۇنىستلار مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى » بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنۇلارنى ئاساس قىلغان كوممۇنىستك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش كەيپىياتىدىن پايدىلانغان ئىدى.

## 60 - يىللاردىكى ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى

سوۋېت ئىتتىپاقى 1944 - يىلى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۇسۇش مەقسىدىدە، پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىمنىڭ شىنجاڭدىكى رولىدىن پايدىلىنىپ، غۇلجا شەھرىدىكى مۇسۇلمانلارنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە قۇترۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلى ، چۆچەك ۋە ئالتاي رايونلىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئىگەللەپ ئىلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ بەردى. 1945 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ۋاقتىدا، ستالىن بۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ، جۇڭگونى تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتراپ قىلىشقا زورلىدى. شۇندىن كېيىن سوۋېت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكىلەرنىمۇ جۇمھۇرىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، گومىنداڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا زورلىدى. ئەمما 3 ۋىلايەت ئىزچىل ھالدا روسلارنىڭ كونتروللىقىدا بولۇپ كەلدى. 1949 - يىلى سوۋېت 3 ۋىلايەتنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇندىن كېيىن 20 نەچچە يىلغىچە سوۋېتنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى پائالىيەتلەر بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتتى. 1962 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجا ، چۆچەك رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپلەپ سوۋېتكە قاچتى. خەلقلەر 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى غۇلجىدىكى ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. مانا بۇ ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى . بۇ ۋەقە سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن ۋە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش جەريانىدا، شۇنىڭدەك ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىتتا بۇ ۋەقە يۈز بەردى. سوۋېتنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى كۆپلەپ سوۋېت پاسپورتى تارقاتتى ۋە چېگرىسىنى ئېچىۋەتتى. جۇڭگو پۇخرالىرىنى قوبۇل قىلدى. سوۋېتكە قاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى بولدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى شىنجاڭدا تەشكىللەندى. ئۇلار سوۋېتكە تايىنىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پىلانلىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى 40 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە قۇرۇلغان پارتىيىنىڭ ئىسمى. بۇ پارتىيەنىڭ نۇرغۇن تايانچىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى خ ئى پ نىڭ ئەزالىرى ئىدى. بۇ پارتىيىنىڭ 78 ئاساسى قاتلام تەشكىلاتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېيىلغان . بۇ 1949 - يىلدىن بېرى شىنجاڭدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى قالايمىقانچىلىقى شەرقىي تۈركىستانچىلارغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقوقى بارئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ئادەتتىكى ئامموۋى تەشكىلاتلار قاتارىدا تەرەققى قىلدى. ئۇلار پىلانلىق تۈردە قۇراللىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، كۆپلەپ قۇرال يىغىپ، ھاكىمىيەتنى قۇراللىق تارتىۋېلىش پىلانىنى ۋە تەييارلىقنى قىلدى. بۇ پارتىيەمۇ سوۋېتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت جاسوسلۇق ئورگانلىرى كۆپ قېتىم جاسوس كىرگۈزۈپ شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلاشتى. ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، قۇراللىق قوشۇنلارنى يېتەكلەپ قەشقەردىن سوۋېت چېگرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ بازا قۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى چېگرىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا يولدا توسۇپ يوق قىلىندى.

## ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە 90 - يىللاردىكى شىنجاڭ قوزغىلاڭلىرى

1990 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتۇنىڭ بارىن كەنتىدە زەيىندىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى « ئىسلام غازاتچىلىرى » قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار كەنت ھۆكۈمىتىنى ئىگەللىۋېلىپ « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى قۇردى. قوزغىلاڭ 2 - كۈنى باستۇرۇلدى. بۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ بولدى.

1997 - يىلى 2 - ئايدا غۇلجىدا خەنزۇلارغا قارشى نامايىش يۈز بەردى. بۇ قوزغىلاڭدا 8 ئادەم ئۆلدى، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولدى. بۇ 1962 - يىلدىن بېرى غۇلجىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق خەنزۇلارغا قارشى ئەڭ چوڭ قۇراللىق ھەرىكەت بولدى. ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن بېرى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ 50 يىلدىن بېرى شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرمىگەن چوڭ ئىشلار يۈز بەردى. بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭدا ئىسلامىيەتنىڭ تىرىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ نىسپەتەن تاقاق ئىدى. چەتئەللەردىكى پانتۈركىست، پانئىسلامىستلار شىنجاڭغا كىرەلمەيتتى. ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى » نى تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە قىلدى. خۇيىاۋباڭ شىنجاڭدا ئالاھىدە كەڭچىلىك سىياسىتى قوللاندى. بۇمۇ ئىسلامىيەتنىڭ شىنجاڭدا كۈچىيىشىگە شەرت ھازىرلاپ بەردى.

شىنجاڭدا يېڭىدىن ياسالغان ۋە رىمونت قىلىنغان مەسچىتلەر بىردىنلا كۆپىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا ھەر 30 نەچچە ئائىلە مۇسۇلمان ئۇيغۇرغا بىردىن مەسچىت توغرى كېلىدۇ. بۇ سان 1979 - يىلدىكىگە قارىغاندا 6 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئەمما نىڭشادا 160 ئۆيلۈككە بىردىن مەسچىت توغرى كېلىدۇ . شىنجاڭدا يەنە تەشدىقلانمىغان دىنى مەكتەپ ۋە دىنى نەشرىياتلار بارلىققا كەلدى ھەمدە كۆچەيدى. ئىسلامىيەتنىڭ تىرىلىشى شىنجاڭدا دىنى باشقۇرۇشقا زور توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلدى. ئىسلام شۇئارى ئاستىدا پانتۈركىزىم ، پانئىسلامىزىمنى تەشۋىق قىلىدىغان ماتېرىياللار كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلدى. بەزى ئاخۇنلار ۋەزى ئېيتقاندا سىياسەتكە ئارىلىشىپ ھۆكۈمەتكە جاھات ئېلان قىلدى.

غەربى ئاسىيادىكى كۆپىيىۋاتقان پانئىسلامىست گۇروھلار شىنجاڭدىكى ئىسلامى گۇرۇپپىلارغا ياردەم قىلدى. 1990 - يىلى ئېچىلغان دۇنيا ئىسلام بىرلىگى يىغىنى «جوقۇم شەرقىي تۈركىستاننىڭ 90 - يىللاردا ئازات بولۇشىغا ياردەم قىلىش » شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى شىنجاڭدىكى ياشلارنى چەتئەلگە چېقىپ دىنى ئوقۇشقا قۇتراتتى. ئۇلار « شەرقىي تۈركىستان ئازات بولغاندا بۇ ئوقوغۇچىلار ئىسلام دىنى كادىرلىرى بولىدۇ » دېدى. ئۇلار يەنە شىنجاڭدا دىنى مەكتەپلەرنى ئېچىپ ، دىنى ئىزباسارلارنى تەربىيەلىدى. بارىندىكى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەشۇ دىنى مەكتەپلەرنىڭ تالىپلىرى ئىدى. ئافغانىستاندىكى تالىپلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ھازىر مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى ئافغانىستان پارتىزانلىرى ئىچىدە تەلىم - تەربىيە ئىلىۋاتىدۇ. بۇلار ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ، شىنجاڭغا قايتىپ جاھات قىلىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلاردا ئىشلىتىلگەن قۇراللارنىڭ كۆپ قىسمى ئافغانىستاندىن كىرگەن.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئاپتونوم رايونى، شۇنىڭدەك ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى. ئىسلام ئالىمىنىڭ، پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم ۋە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشى، شىنجاڭ رايونىدا چىقىدىغان قوزغىلاڭلارنىڭ تاشقى ئامىللىرى ھىساپلىنىدۇ . شىنجاڭ تارىخىدىكى ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى چەتئەل كۈچلىرى ( ئەنگلىيە، سوۋېت ۋە ئىسلام كۈچلىرى ) نىڭ ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقلىرى ( ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش ) نىڭ مەھسۇلى ھىساپلىنىدۇ . ھازىر ئېچىۋېتىلگەن شىنجاڭنى چەتئەلدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ ، شۇنىڭدەك تارىخى تەسىرلەرنىمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ . ئۇزۇن مەزگىلگىچە شىنجاڭدا چوڭ - كىچىك قوزغىلاڭلار داۋاملىششى مۇمكىن. پەقەت جۇڭگودا قالايمىقانچىلىق چىقمىسىلا، بىر يېڭى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەيدانغا كېلەلمەيدۇ .

ئادرېس : تۈركىيە ئىستانبۇل شەھزادە باشى
دەدە ئەفەندى جاددىسى 4 - نومۇر . شەرقىي
تۈركىستان ئىستىقلال گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى
تېلېفون : 0212 . 5263576    0212 - 5260855
فاكس : 0212 - 5348067    0212 - 5260972

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

2000 - يىلى 11 - ئاي
21 - سان

## گېرمانىيەدە ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى




ئۆز خەۋىرىمىز: مۈشۈ ئاينىڭ 12 - كۈنى مىيونخېن شەھىرىدە 1933 - يىلى قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » ۋە 1944 - يىلى قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە مىيونخېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئېستونىيەنىڭ پايتەختى تالىندا ئۆتكۈزۈلدى




ئۆز خەۋىرىمىز: 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئېستونىيەنىڭ پايتەختى تالىن شەھىرىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 9 دۆلەتتىن 40 نەپەر رەسمىي ۋەكىل ۋە 16 مېھمان بولۇپ، جەمى 56 كىشى قاتناشتى.

( داۋامى 8 - بەتتە )

## مىللىتىمىزنىڭ ئاتاغلىق زىيالىسى، مەشھۇر يازغۇچى زىيا سەمەدى ۋاپات بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاتاغلىق زىيالىيسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەشھۇر يازغۇچى زىيا سەمەدى ئەپەندى 2000 - يىلى 20 - نۇيابىر كۈنى 86 يېشىدا ئالمۇتىدا ۋاپات بولدى.

(دۋامى 3 - بەتتە )

### ئەركىن ئالپتېكىن

### «3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ،

## « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دا ۋەزىپە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى



ئۆز خەۋىرىمىز: مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالپتېكىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئېستونىيەنىڭ پايتەختى تالىندا ئۆتكۈزۈلگەن « 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نى قوللايدىغانلىقىنى ۋە 2001 - يىلى

( داۋامى 3 - بەتتە )

## رابىيە قادىرغا « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » بېرىلدى

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خەۋىرى: « خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى » بۇ يىلقى « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » نى ئۇيغۇر كارخانىچى رابىيە قادىرغا بەردى. رابىيە قادىر « خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى » نىڭ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەش كىشىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇكاپات بېرىش مۇراسىمى نيۇيوركتىكى « تەبىئەت تارىخى » موزېيخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# گېرمانىيەدە ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى



( بېشى 1 - بەتتە )

پائالىيەت، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن بۇيان ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا شېھىت بولغان بارلىق شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن باشلاندى. پائالىيەت جەريانىدا « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى » ، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مەسئۇللىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، ناھايىتى ئەترالىق، ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئىككى جۇمھۇرىيەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈلدى. ئۇندىن باشقا يەنە ميونخىن شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈر سەنئەت گۇرۇپپىسى بۇ پائالىيەتكە ئاتاپ تەييارلىغان ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە، تەسىرلىك سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ناھايىتى جانلىق ۋە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. ئاخىرىدا ھەممە بىردەك بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنى مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغانلىقلىرىنى ۋە ئۈچۈنچى جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ، ئۇنى ئابىدىلىككە ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان بۈگۈنكى بۇ قۇتلۇق كۈندە، گېرمانىيەدىن باشقا يەنە ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

## رابىيە قادىرغا « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » بېرىلدى



« خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى » دۇنيادا ئىناۋەتى يۇكسەك، تەسىرى زور كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ يەتمىشكە يېقىن دۆلەت ۋە رايوندا شۆبىسى بار. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە تىنچلىقنى قوغداش يولىدا تۆھپە ياراتقان زاتلارغا بېرىلىدۇ.

بۇ قېتىم مەزكۇر شەرەپ مۇكاپاتى ئۇيغۇر كارخانىچى رابىيە قادىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئادالەتنى قوغداش روھىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا بېرىلگەن.

رابىيە قادىر ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ۋە ئامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. رابىيە قادىر 1997 - يىلى ئەتىيازدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ « 5 - فېۋرال » غۇلجا ۋەقەسىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن. ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننى تەنقىتلىگەن. شۇ قېتىمقى يىغىندا رابىيە قادىرنىڭ سىياسىي كېڭەش ۋەكىلى دېگەن سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندە نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى.

بۇ يىلنىڭ « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » رابىيە قادىردىن باشقا يەنە بەش نەپەر زاتقا بېرىلدى. بۇ بەش نەپەر زات چېچىنىيە دوكتۇرى ھاسانبايېف، سېرالىيوننىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى ئابدۇلتاجەم، ھىندىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى مارتىن ناتۋان، ئىئوردانىيەنىڭ ئاياللار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىسى ناھا ئەبۇ ئايياھ ۋە رانا ھۇسەيىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نيۇيوركنىڭ تەبىئەت مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » نى تارقىتىش مۇراسىمىغا رابىيە قادىر قاتنىشالمىدى. ئۇنىڭغا خەلقئارا شەرەپ مۇكاپاتى بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇ لىيۇداۋان تۈرمىسىنىڭ قاراڭغۇ كامىرىدا يېتىۋاتاتتى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى كېنىس روس « يۇقۇرىدا مۇكاپات بېرىلگەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە بىخەتەرلىكى داۋاملىق تەھدىت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار زوراۋان ھۆكۈمرانلارنىڭ، ھەربىي دىكتاتورلارنىڭ تەھدىدى ئاستىدا قېرىنداشلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ » دەپ كۆرسەتتى. رابىيە قادىرنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن يولدىشى سىدىق ھاجى روزى تاپشۇرۇپ ئالدى. ھەم رابىيە قادىرغا ۋاكالەتەن مۇراسىمدا نۇتۇق سۆزلىدى.

## مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزىي ئورگىنى رابىيە قادىرنىڭ « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزىي ئورگىنى رابىيە قادىر خانىمنىڭ « يەر شارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

تەبرىكنامىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى رابىيە قادىر خانىمنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى تەرىپىدىن « يەرشارى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچى شەرەپ مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەنلىگى ھەممىمىزنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن رابىيە خانىمنى، ئائىلە - تاۋاباتلىرىنى، جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

رابىيە خانىم بۇ مۇكاپات ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى بۈيۈك شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى خەلقىمىز ئالدىدا، شۇنداقلا خەلقئارا جامائەتچىلىك ئالدىدا يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلىدى. ئۇ ئۆز خەلقىنى سۆيگەنلىكى، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلىكى سەۋەپلىك خىتاينىڭ قاراڭغۇ تۈرمىسىدە يېتىۋاتىدۇ. خەلقىمىز رابىيە خانىمنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرىدىن ۋە پىداكارلىق روھىدىن ئۆگىنىدۇ.

رابىيە خانىمنىڭ بۇ ئالىي مۇكاپات بىلەن تەقدىرلىنىشى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا قىينىلىۋاتقان قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرلىنىشى ھېساپلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ داۋايىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بىز داۋايىمىزدا يالغۇز ئەمەسمىز.

بىز « شەرقىي تۈركىستان

( داۋامى 3 - بەتتە )

# ئەجدادلار مىراسى ۋە بىزنىڭ بۇرچىمىز

ئۇيغۇر ئەزىزى ( گېرمانىيە )

( شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىقىغا بېغىشلايمەن )

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار! بىز بۈگۈن چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە كۆرەشچان ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان تارىخىي مىراس ـ مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىق قۇتلۇق خاتىرە كۈنىنى ياد ئېتىپ تۇرۇپتىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەر شەھرىدە سابىت داموللام رەھبەرلىكىدە تۇنجى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى يېڭى مۇستەقىل دۆلىتى دۇنياغا كەلدى. گەرچە بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمىز پۈتۈن دۇنياغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ دۆلەت قۇرالايدىغانلىقى، ئۆز ۋەتىنىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغانلىقى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلمىغا ھەرگىز باش ئەگمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تونۇتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقىمىز مۇستەقىللىقنىڭ، ھۆر ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەنىدى. شۇندىن ئېتىبارەن خەلقىمىز كونا ـ يېڭى خىتاي ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەرقانچە قانلىق باستۇرۇشى، قىرغىن قىلىشلىرىغا قارىماي مىليونلاپ قۇربانلارنى بېرىپ، 1944 ـ يىلى يەنە شۇ قۇتلۇق ــ 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلىخان تۆرە رەھبەرلىكىدە غۇلجا شەھرىدە ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز تاكى 1949 ـ يىلىغا قەدەر ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. بىز شۇ دەۋردىكى ئىككى مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى، ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ ئامىللارنى بۈگۈنكى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق بىز بۈگۈن دۈچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز ھەم ئەجدادلىرىمىز بىز بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ رىياللىققا ئايلاندۇرۇشىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەتەن مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۇ كۆرەشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلار مىراسى ئانا ۋەتەن ئالدىدا ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشنىڭ ناھايىتى جىددى ۋە زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

چۈنكى بۇ ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل دۆلىتىمىز ئوخشاش بىرلا خىل دۈشمەنلەرنىڭ رەزىللىگى ۋە ساتقىنلىقى بىلەن يوقۇتۇلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ تارىخىي كۈشەندە دۈشمىنى ــ خىتاي ۋە روس مۇستەملىكىچىلىرىدۇر. ھالبۇكى، بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپمۇ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي ئەھۋالى، سىياسىي ھاكىمىيەتلىرى نەچچە قېتىملاپ ئۆزگۈرۈپمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي دۈشمەنلىك خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى مۇستەقىللىق كۈرىشىگە چىش ـ تىرنىغىچە قارشى تۇرىدۇ؟

ئۇلار ئۆتمۈشتە بىز ئۇيغۇر خەلقىگە قانداق ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىمىزغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسا، مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەڭ ئاددىيسى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنساندەك ياشاش ھەق ـ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ، كۆرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنى «تېرورىست»، «فوندامېنتالىست» دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، دۇنيانى ئالداشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۆتكەنكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، خەلقىمىز تامامەن ئويغاندى. 1 مىليون 800 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنىڭ ئىگىسى 30 مىليون ئۇيغۇر خەلقى ــ ئوغۇزخان ئەۋلادى ئويغاندى.

بىز ھەقىقەتەن ئىككى قېتىم قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمىز. چۈنكى بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ئىككى مىليوندىن ئارتۇق خەلقىمىزنىڭ قېنى بەدىلىگە دۇنياغا كەلگەنلىكىدۇر. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىزنى ئويلىساق، بىز تارىخقا ۋە بۈگۈنگە ئۆكۈنمەي ھەم تۇرالمايمىز. بىزنىڭ تارىخ ئالدىدا، كۆرەشچان ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا مۇنەقەررەر بولغان ئانا ۋەتەن ئالدىدا جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىك ۋىجدانىي قەرزىمىز ۋە پەرزىمىز كۆپ. ئۇ ئەجدادلار تارىخى بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋىجدانىي قەرز ۋە پەرز نېمە؟ ــ ئۇ بولسىمۇ ئۆلمەس ئۇيغۇر كۆرەش تارىخىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى ــ خەلقىمىز تەشنالىق بىلەن كۈتىۋاتقان 3 ـ مۇستەقىل ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتۇر. ئەجدادلىرىمىز بۇ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى بىز بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا زور ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىلەن قالدۇردى. بىز بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇندىشىمىز ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ــ ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكتۇر. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر يېڭى مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەممىمىزگە ئايان. يەنىلا شۇ تارىخىي دۈشمەنلىرىمىز ھە دېسىلا بىزنىڭ كۆرىشىمىزگە قارشى تۇرۇپ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى ئىشلىتىپ، ھەر زامان بىزنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ ئاماللىرىنى تەرەپ ـ تەرەپلەپ ئىزدەپ يۈرىدۇ. 1996 ـ يىلى خىتاي ۋە روسىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەشكىللەنگەن يېڭى ئىتتىپاق «شاڭخەي بەشلىگى» بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇ سەۋەپ تۈپەيلى بىزنىڭ ھازىرقى كۆرىشىمىز ئېغىر بىر كىرىزىس ۋە ئۈنجۇقۇش ئىچىدە ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. ئېغىر بىر كىرىزىس ۋە خەلقىمىز خىتاي جاللاتلىرىغا قارشى مۆلچەرلىگۈسىز قۇربانلارنى بەرمەكتە. بۇ كىرىزىس روسىيە ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئىككى قېرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ئورتاق قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدۇر. خەلقىمىزگە زور ئۈمىت ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا روسىيە ۋە خىتاينىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىدا. «خۇدا ئۇرغاننى، خۇدابەردى قوشۇپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك خەلقىمىزنىڭ ئەزەلدىن مەنىۋى ئۈمىدى، قېرىندىشى بولغان ۋە پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ باشپاناھى ھېساپلىنىدىغان ۋە شۇ ۋەجىدىن خەلقىمىز زور ئۈمىت بىلەن مىليونلاپ قۇربانلارنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ شەرقىغە جايلاشقان، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، دىنىي ئېتىقاد قانارلىق جەھەتلەردىن ئۆزلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىغىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىگى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرقتە يىگانە قەلئە بولۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ قېرىنداشلىرىمىزمۇ «پادا باققاندا دوس ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەندەك بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى دەرت ـ ئەلەملىرىگە ھېچ پەرۋا قىلماستىن خىتاي جاللاتلىرى بىلەن نومۇسسىزلارچە ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مانا بىز ئىشەنگەن، كۈتكەن تۈرك دۇنياسىدىن كەلگەن ۋاپا شۇ قەدەر. ئەمما بىز مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزدىن ھېچبىر ئۈمىتسىزلەنمەيمىز. گەرچە ئۇ ۋاقىتتىكى دۈشمىنىمىز ھازىر يوق بولسىمۇ. ئۇ زامانلاردا، ۋەتىنىمىزدە بىر ئىككى يۈزمىڭلارچە خىتايلار بولسا، ھازىر ئون مىليونلاپ تۇرۇپتۇ. ھەم ئەڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان مىليونلارچە خىتاي ئەسكەرلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتماقتا.

بىر ئۇيغۇر مىللىتى ھىنگان ـ ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىگىچە بولغان بۇ كەڭ زېمىندا نەچچە قېتىملاپ مۇستەقىل دۆلەت ۋە خانلىقلارنى، ئىمپېراتورلۇقلارنى قۇرۇپ، ئۇ زامانلاردا ئۆزىمىزگە خاس باتۇرلۇق ۋە قورقماس كۆرەش شىجائىتىنى يېتىلدۈرگەن مىللەتمىز. گەرچە بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ 50 يىللىق مۇستەملىكە زۇلمىنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۇدا كۆرەش قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ لېكىن بۇ ئەسىرنىڭ تارىخىدىن بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەقەتلا تەلىيى كەلمىدى. يىغلىغانلار يىغلاۋەرمەيدۇ، ئاخىرى يېشى قۇرۇيدۇ. كۆزلىرىگە قان تولىدۇ. بىزنىڭ كۆرىشىمىز گەرچە بۇ ۋاقىتلىق كىرىزىس ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما دەرت ۋە ئەلەمدىن خىتايلارنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرى دەستىدىن كۆزلىرىگە قىساس ۋە ئىنتىقامنىڭ قانلىرى لىق تولغان خەلقىمىز ئۈچۈن بۇ كىرىزىسلار ھېچبىر رولىنى ئوينىيالمايدۇ. چۈنكى ھەقىقەت بىزنىڭ قولىمىزدا، خىتاي ۋە روسىيەنىڭ پىلانلىق تۈردە ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق، ئۇ پەقەتلا ئۆز مەنپەئەتى ھېساۋىغا تارىختىن قېلىپ قالغان قول ئاستىدىكى مۇستەملىكە زېمىنلارنى تۇتۇپ تۇرۇش، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ساقتا كوزىردىنلا ئىبارەت خالاس.

مانا، بىز مۇشۇنداق بىر تېڭىرقاش، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىچىدە كۆرىشىمىزنى يېڭى ئەسىرگە ئۇلاۋېتىپتىمىز، ھەر ئىشنىڭ ئالدىدىن پىلان ـ مەقسىدى بولىدۇ. ئاددىيسى ۋەتىنىمىزنى داۋاملىق ئۆز مۇستەملىكىسىدە تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى «20 يىللىق غەربنى ( ئۇيغۇرىستان ) نى ئېچىش ستراتېگىيەسى» سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. مەقسەت شۇكى «بىز سىنى يەنە 20 يىلغىچە مۇستەملىكە قىلىمىز» دېمەكچى، ئەلبەتتە ئۇلار «چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ». لېكىن ئويلىنىشىمىز كېرەككى ــ بىز ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دۈشمىنىمىزگە قارشى تۇرغىدەك يېتەرلىك ستراتېگىيىلىك پىلان ـ پىروگراممىلارنى تۈزدۇقمۇ؟ بىز ۋەتىنىمىزنى قاچان ئازات قىلىمىز؟ بىز 3 ـ جۇمھۇرىيەتنى قاچان قۇرىمىز؟ بەلكىم ھەممىمىزگە ئاياندۇر. بىز ئۆۋەتتە ھەقىقەتەنمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ماسلىشالمىدۇق ياكى سۈرئىتىگە يېتەلمىدۇق. چۈنكى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمىز بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىق خاتىرە كۈنى، دېمەك مەقسەت شۇكى، بىز ئەجدادلار مىراسىغا قانداق ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ــ ۋىجدانىي بۇرچ بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز ئويلىنىشىمىز كېرەككى، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىنى قانداق قوشىمىز؟!

تارىختا دۈشمەنلىرىمىز قانداق ئۇسۇللار بىلەن بىزنى يوقاتقان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىمىز ئۆتمۈشتە دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قانداق ئالدانغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. شۇ زامانلاردا بىزدە قانداق ئىتتىپاقسىزلىق، بىرلىككە كېلەلمەسلىك بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ دېسەم بەلكىم خاتالاشماسمەن. ئەمما ئۆتمۈش قانچە شەرەپلىك ياكى نومۇسلۇق بولسۇن، ئۇ بەرىبىر ئۆتمۈش. ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مەڭگۈلۈك مۆھۈر ئەمەس. ھەم يەنە كېلىپ بۈگۈنكى رېئاللىقنىڭ ھىمايىچىسىمۇ بولالمايدۇ. ئەجەبا، بىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە نە بۇ ئىللەتلىرىمىزنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتەلمىدۇق؟ نە سەۋەپ ھەقىقىي بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز؟

ئەزىز قېرىنداشلار! بۇ مەسىلە بۈگۈنكى قۇتلۇق دۆلەت بايرىمىمىزنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاچچىق ئويلىنىپ بېقىشىغا تېگىشلىك.

بىز ئوغۇزخان ۋە بۇغراخانلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىز! بىز تارىخنىڭ ۋارىسلىرىمىز!

قېنىمىز بىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قېنى،
جېنىمىز بىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ جېنى.
ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن،
كېلىڭلار دوستلار كۆرەشكە قېنى؟!

بىز شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەيلىكى، ھەممىمىز بىر نىيەت ـ مەقسەتتە رىيادىن خالى ھالدا ئاللاھ رىزاسى بىلەن كۆرەشكە ئاتلىنىدىغان بولساق، بىزدە ھېچبىر چۈشۈنۈشمەسلىك مەۋجۇت ئەمەس. بىز ھەممىمىز بىر مەركەز، بىر نىشان ئۈچۈن خەلقىمىزگە ئاللاھ يولىدا خالىس خىزمەت قىلىدىغان بولساق، بىز ھازىر دۈچ كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسلارمۇ ھېچ تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

كېلىڭلار قېرىنداشلار! ئاللاھ بىزگە نېسىپ ئەتكەن ئىمكانىيەتلىرىمىزنىڭ بارىچە، جېنىمىز ۋە قېنىمىز بىلەن، پۇلىمىز ۋە مېلىمىز بىلەن شۇ ئەزىز ئانا تۇپرىقىمىز ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى بالدۇرراق قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل 3 ـ ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرلىكتە كۆرەشكە ئاتلىنايلى! بىز ئۈچۈن «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس». مەدەتكارىمىز ئاللاھ بىزگە ياردەم ئەتكەي!

2000 ـ يىلى 12 ـ نويابىر ( گېرمانىيە ـ ميۇنخېن )



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلغان « ئۈچۈر تېلېۋىزىيە » سىنىڭ زىيارەت مۇدىرى لىياڭدۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتى « غازات ئۇرۇشى » نىڭ ۋاقتىنى 2005 - يىلىغا بېكىتكەن. لىياڭ دۇڭنىڭ دېيىشىچە، بۇ ۋاقىتنىڭ بېكىتىلىشىدە مەلۇم سەۋەپ بار ئىكەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى، شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى ـ خوشنا بولغان قازاقىستاندا. چۈنكى قازاقىستاندا شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئەڭ كۆپ. شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغاندا، 2005 - يىلىغا بارغاندا قازاقىستاندا بۇرۇنقى كوممۇنىست ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى تەختكە چىقىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن قازاقىستان شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلىنىدىكەن.

شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2005 - يىلى خىتاي بىلەن تەيۋەن ئۇرۇش قىلىدىكەن. بۇ ۋاقىت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۆيرۇق چۈشۈرۈلگەن ھامان شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتى 200 مىڭدىن 400 مىڭغىچە بولغان ئەسكىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىكەن. لىياڭدۇڭنىڭ قارىشىچە، بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس ئىكەن.

« ياشلار ئائىلىسى » ئىسىملىك بۇ شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنىڭ « ئالاھىدە ئەسكەر » ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك ئەسكەرلىرى بار. ئۇلار مۇستەقىل پارتىزانلىق دورىلارنى ياساپلا قالماستىن، ھەر خىل زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇلار « غازات ئۇرۇشى » نىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، ھەتتا تۈركىيە ئارمىيىسىگە قېتىلىپ، كۇردىستان ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن.

لىياڭدۇڭ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا ئۇرۇش قوزغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قېتىلىدىغان كۈچلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بەلكى ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئارىلىشىشى مۇمكىن.

خىتاي ھاكىمىيىتى شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى كۆپ تەرەپتىن بىر تۇتاش كونترول قىلماقتا. شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تۇسۇش ئۈچۈن، خىتاي ھاكىمىيىتى كۆپ تەرەپتىن بىر تۇتاش كونترول قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. قوراللىق كۈچكە تايىنىدىغان شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىگە قارىتا خىتاي ھاكىمىيىتى « ئاكتىپلىق بىلەن زەربە بېرىش، باش كۆتەرگەن ھامان يوقۇتۇش » سىياسىتىنى قوللانماقتا. شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان قوراللىق ۋەقەلەرگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ، « ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر غالجىرلارچە خىتايغا قارشى تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلارغا چوقۇم قاتتىق زەربە بېرىشىمىز، قىلچىمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك ».

مۇشۇ سىياسەتنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا خىتاي ھاكىمىيىتى، شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ، تاغلىق رايونلاردا ئاختۇرۇش ئېلىپ باردى. قولغا ئېلىنغانلارنى سوت مەھكىمىسى « جىنايىتى بار » دەپ ھۆكۈم چىقارغان ھامان، دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. بۇ يىل 1 - ئايدا خىتاي ھاكىمىيىتى 5 مۇسۇلمان بۆلگۈنچىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

ئۇندىن باشقا يەرلىك كۈچلەرنى شىنجاڭ مۇستەقىللىق تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمانلانغان ھامان دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. شىنجاڭلىق مەشھۇر ئايال سودىگەر رابىيە قادىر بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ئۇ ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان « فورتۇنا » ژورنىلى تەرىپىدىن خىتايدىكى 10 چوڭ سودىگەرنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ئىدى. رابىيە قادىر 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغان ئامېرىكا كونگرېسى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغاندا، خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن « دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن » دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

خىتاي ھاكىمىيىتى يەنە دىپلوماتىك يول ئارقىلىق شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرماقتا. شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىغان ۋە ھېسداشلىق قىلغان تۈركىيەگە قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ب د ت دىكى بەش دائىمىي ھەيئەتنىڭ بىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، 1998 - يىلى تۈركىيەدىن زېمىن تالىشىۋاتقان گىرېتسىيەنى قوللاپ، قىبرىس ئارىلىنى كونترول قىلىۋالغان تۈركلەرنىڭ « شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە پرېزىدېنتىنى تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە « شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، خىتاينى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ئىشقا قەتئىي يول قويماسلىق » توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

خىتاي دۆلەت رەئىسى جىياڭ زېمىن بۇ يىل 4 - ئايدا تۈركىيەگە زىيارەتكە بارغاندا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيەنى « خىتايغا كەڭ قوساقلىق قىلدى » دەپ ئەيىپلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدە ئېچىلغان 5 دۆلەت يىغىنىدا خىتاي بىلەن روسىيە بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام كۈچلىرىگە زەربە بېرىش كېلىشىمىنى تۈزۈپ، شىنجاڭ مۇستەققىللىق ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى.

يېقىندىن بېرى خىتايدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىنىۋاتقان « غەربنى ئېچىش » پىلانىنىڭ بىر مەقسىدى ــ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەمبەغەللىكنى يوقۇتۇش ئارقىلىق شىنجاڭنى تېنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. خىتاي ھاكىمىيىتى شىنجاڭغا 900 مىليارد خەلق پۇلى ( تەخمىنەن 100 مىليارد دوللار ) مەبلەغ سېلىپ، بىر تەرەپتىن چەتئەلدىن مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى دەرھال قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.

بىراق، سىياسەتشۇناسلارنىڭ « ئىنقىلاۋىي ئاڭ نەزەرىيەسى » گە ئاساسلانغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش جەريانىدا، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، « ئىنقىلاپ » تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان مەلۇم بىر شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى مۇنداق دەيدۇ: « شىنجاڭ مەسىلىسى يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە ئەمەس. ئۇ يەنە مۇرەككەپ مىللىي ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ». بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۆلچەرلەشكە بولىدىغان يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن، ئۈزلۈكسىز قوراللىق ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەرگۈسى!.

تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ ماقالە قىسمەن مۇبالىغىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئاپتور ۋە تەرجىمانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، شۇ پېتىچە گېزىتكە بېرىلدى. گېزىتخانلىرىمىزنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىنى سورايمىز.



سۈرەتتە: « 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » دىن كۆرۈنۈشلەر

PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

2000 - يىلى 12 - ئاي
22 - سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

### قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان

## « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مارى روبىنسون خانىمغا مەكتۇپ يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى ئەنۋەرجان دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە مەسئۇل كومىسسارى مارى روبىنسون خانىمغا مەكتۇپ يوللىدى.

( داۋامى 7 - بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى




ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاي پەخرىي رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىنلەر تەكلىپكە بىنائەن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » نىڭ نۆۋەتتىكى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. بۇ قۇرۇلتايغا ھەر قېتىم شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى سۈپىتىدە گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن ئەپەندى قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » نىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىدا، شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا مۇھىم قارارلار ئېلىندى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## گېرمانىيەدە « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى




ئۆز خەۋىرىمىز: 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، خىتاينىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قارشى داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا ميۇنخېن شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىگى قاتناشتى.

( داۋامى 7 - بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزىي ئورگىنى رامزانلىق تەشۋىقات ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى

ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزىي ئورگىنى بۇ يىلقى مۇبارەك رامزان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن 12 كىشىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى تەشكىللەپ، گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرك - ئىسلام تەشكىلاتلىرىدا مەخسۇس كونفرانسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى، باش كاتىۋى ۋە دىنىي ئىشلار كومىتېتى، تەشۋىقات كومىتېتى، ياشلار كومىتېتلىرى باشلىقلىرىدىن تەركىپ تاپقان بۇ ھەيئەت، ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ئاساستا، گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارماقتا.

بۇ ھەيئەت دەسلەپكى قەدەمدە گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۆت ئۆلكىسىنى ئايلىنىپ، بۇ جايلاردىكى 32 ئورۇندا كونفرانس تەشكىللەپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە جامائەتچىلىككە كەڭ كۆلەملىك مەلۇمات بەردى.

## خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشقا ئۆلۈم جازاسى بەردى

ش ت ئىنفورماتسىيون مەركىزى مۇخبىرى تۆمۈر چوققىنىڭ 8 - دېكابىر ۋەتەندىن يوللىغان خەۋىرى: 6 - دېكابىر كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت ئوچۇق سوت ئېچىپ، « قورال ساقلىغان، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن » دېگەن تۆھمەت بىلەن مەسۇم قادىر، سەيدئەخمەت، غوپۇر ئوسمان قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۆمۈرۋايەت سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 27 — 30 ياش ئەتراپىدىكى ياشلار. (ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!)

يەنە غۇلجا ناھىيىسىدىن توختار باشلىق 8 نەپەر ئۇيغۇر ياشقا 5 يىلدىن 15 يىلغىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. بۇلارمۇ ئوتتۇرىچە 25 ياشلار چامىسىدىكى ياشلار.

# مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى







( بېشى 1 - بەتتە )

ئەنۋەرجان سەئۇدى ئەرەبىستانغا قىلغان بۇ قېتىمقى سەپىرى جەريانىدا، ئۇ دۆلەتتە تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقتى ۋە ئۇلارغا ياۋروپادا پائالىيەت قىلىۋاتقان مىللىي قۇرۇلتاي باشلىق پۈتۈن تەشكىلاتلارنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ئىزچىل تۈردە ياردەمدە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نى ئالاھىدە تەبرىكلىدى ۋە قۇرۇلتاي قۇرۇلغان بىر يىلدىن بۇيانقى ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلەردىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇۋاتقانلىقلىرىنى، قۇرۇلتايدىن ناھايىتى زور ئۈمىت كۈتىدىغانلىقلىرىنى ھەمدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقى يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللايدىغانلىقلىرىنى، شۇنداقلا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىپ، پائال، ئاكتىپ كەسپىي خادىملار ئىشلەيدىغان خەلقئارالىق ئورگانغا ئايلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا يەنىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن داۋاملىق ياردەمدە بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ھەتتا بەزى چوڭلىرىمىز بۇ خەلقئارالىق ئورگىنىمىزنىڭ ئىسمى قۇرۇلتاي بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇنى بىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ھۆكۈمىتىمىز دەپ تونۇيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ھۆكۈمەتكە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك، ھەر ساھەدە خىزمەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى ئېيتتى.

# « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » دائىمىي ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى قارارى

(« دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » نىڭ 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە مەككە مۇكەررىمەدە ئۆتكۈزگەن 36 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا ئالغان قارارى )

1. « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » دائىمىي ھەيئىتى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ باش ئەلچىخانىلىرى ۋە سىياسىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ھەيئەتلىرىنى خىتايدىكى مۇسۇلمان رايونلارنى زىيارەت قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەشكە ھەمدە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشقا، دىنىي ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىشكە ۋە بارلىق مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارنى بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

2. « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » دائىمىي ھەيئىتى « ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى » غا ئەزا بولغان بارلىق دۆلەتلەرنى خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شۇ يەردىكى بارلىق مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئىبادەت قىلىش، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرى ئۈچۈن سەپەر قىلىش، مەسجىدلەردە قۇرئان كۇرسلىرى ۋە دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرى يۆتكەشنى توختىتىپ، بۇ رايوننىڭ دىنىي ئالاھىدىلىكىنى يوق قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

3. « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » دائىمىي ھەيئىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىدىن دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ھەمدە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنى كۈتىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىدىن ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن كېلىۋاتقان خىتاي مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا يېقىن بولغان پاكىستان ۋە قازاقىستانغا ئوخشاش دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق ۋىزا ئىشلىرىدا قولايلىق يارىتىپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » دائىمىي ھەيئىتى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كىرىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشكە، ئۇلارغا شۇ دۆلەتلەردە ۋاقىتلىق تۇرۇش رۇخسەت خېتى چىقىرىپ بېرىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش راسخودىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە، ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىنى قوللاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

# گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۇيغۇر رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدىكى « ئېينشتايىن مەدەنىيەت مەركىزى » دە دۇنيا خەلقلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان شائىرە زەينۇرە ئەيسانىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە زەينۇرە خانىمنىڭ يېقىندا سىزغان 100 پارچىگە يېقىن ئەسەرلىرى قويۇلغان. بۇ ئەسەرلەردە بۈگۈنكى خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، فاشىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان. بۇ رەسىم كۆرگەزمىسگە بىرلەشتۈرۈپ رەسىملەرگە ئاساسلىنىپ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل تەييارلانغان بولۇپ، رەسىملەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى جانلىق شەكىلدە ئىپادىلىگەن.

زەينۇرە خانىمنىڭ « خىتاي » ماركىلىق چوڭ بىر ئەجدىھانىڭ يەر شارىنى پۈتۈن يۇتىۋېتىش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يالماپ تۇرغان كۆرۈنۈشى كۆرگەزمە قاتناشقۇچىلىرىنىڭ

( داۋامى 7 - بەتتە )



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شەرقىي تۈركىستاندا ھەقىقى ئاخبارات ئەركىنلىكى بارمۇ؟

شەرقىي تۈركىستاندا ھەقىقى ئاخبارات ئەركىنلىكى بارمۇ ؟

پەرىدە نىياز ( گېرمانىيە )

ئاخبارات ــ يېڭىدىن يۈزبەرگەن ھادىسىنىڭ دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلىنىشى، ئۇنىڭدا پاكىت سۆزلىنىدۇ، چىنلىق ئاخباراتنىڭ جېنى. ئەگەر ئاخبارات چىن بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ھاياتىي قىممىتى بولمايدۇ. خەۋەر پەقەت ئۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن باشقا ژانېرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چىنلىق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پاكىتنىڭ چىن بولۇشى ــ يەنى خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ھادىسە ھەقىقەتەن رېئال تۇرمۇشتا يۈزبەرگەن بولۇشى، ئويدۇرما بولماسلىقى كېرەك.

2. پاكىتنى ئىنىقلايدىغان مەزمۇن چىن بولۇشى كېرەك. ئەگەر يۈزبەرگەن ھادىسە ھەقىقى رېئال ھادىسە بولۇپ، ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۇششاق مەزمۇنلار چىن بولمىسا، بۇ خەۋەر يەنىلا چىنلىقنى يوقاتقان ساختا خەۋەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەپسۇسكى يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا بولغاچقا، ئاخبارات پۈتۈنلەي چىنلىقتىن ھالقىغان يالغان توقۇلمىدىن ئىبارەت.

چۈنكى ئۇلار « ئاخبارات دۆلەتنىڭ كانىيى، ئۇ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك » دىگەن شۇئار ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدا چىنلىق بىرىنچى ئورۇندا ئەمەس بەلكى، دۆلەتنىڭ سىياسى ھوقۇق - مەنپەئەتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. نۆۋەتتى كەلگەندە ئۇ دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ماختاش، مەدھىيەلەش ئۈچۈن پۈتۈنلەي چىنلىقتىن ھالقىغان ھالدا، يالغان پاكىتلارنى توقۇپ چىقىرىۋېرىدۇ.

مەسىلەن: خىتايلار شىنجاڭ دەپ ئاتىغان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدىكى مەلۇم بىر چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بىر مۇخبىر كېكىردىكى 9 يەردىن ئوپېراتسىيە قىلىنغان 18 ــ 19 ياشلاردىكى بىر قىزنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭدىن گېلىنىڭ نىمە سەۋەپتىن بۇنچە كۆپ تاتۇق بولغانلىقىنى سورىغاندا، قىز قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا « مېنىڭ سوقۇر ئۈچەيۈم گېلىمدىن ئوپېراتسىيە قىلىندى » دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەسلىدە ئۇ قىزنىڭ سوقۇر ئۈچەيى كېسىلى قوزغۇلۇپ، جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن. بۇ قىز كېچىدە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن كېچىلىك سىمىنادىكى دوختۇرلار چالا ئۇيقا ھەم قىزنى ناركوزسىز ئوپېراتسىيە قىلىشقا باشلىغان. ئاغرىق ئازاۋىدىن قىز تولا ۋارقىراپ گېلى خارتىلداپ قالغان. بۇنى كۆرگەن ئىككى خىتاي دوختۇر تەپ تارتماستىن قىزنىڭ گېلىگە ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا شىلەڭكە بېكىتىپ قويغان. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بۇ دېزىمپېكسىيەسىز شىلەڭكە قىزنىڭ گېلىدا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن قىزنىڭ گېلى ئېغىر يىرىڭلىغان. دوختۇرلار بۇ يىرىڭ ئېغىزىنى كەسكەن. گالنىڭ قانداق يېرى يىرىڭلىسا شۇ يەرنى كېسىپ، قىزنىڭ گېلى خۇددى قوينىڭ توققۇز تولۇقىغا ئوخشاپ قالغان. تېخى تۇرمۇشقا چىقمىغان بۇ قىز تارتقۇق ئازاۋىدىن ھەم ئاغرىق ئازاۋىدىن ياز كۈنلىرىمۇ گېلىنى قېلىن ياغلىقلار بىلەن ئوراپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ھەم بۇ دوختۇرخانىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەلگەن. مۇخبىر بۇ پاكىت ئالدىدا ئۆزۈن ئىككىلەنگەن. بۇ ھەقىقى ئەھۋال، ئەمما بىر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇخبىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر قىزنىڭ ئەھۋالنى ھەقىقى يېزىش تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئىش. چۈنكى ئەگەر ئۇ چىنلىق نوقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ پاكىتنى خەۋەر قىلسا، بىرىنچىدىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزگەن بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن ئۇيغۇر قىزنى داۋالىغان دوختۇرخانا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شۇ يىلى ئالىدىغان ماددىي مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالىدۇ.

ئۈچۈنچىدىن شۇ قىزنى ئوپېراتسىيە قىلغان خىتاي دوختۇر ئۇيغۇر بىمارلاردىن كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆچ ئالىدۇ.

تۆتىنچىدىن مۇخبىر ئىشلىگەن گېزىتخانا بىلەن بۇ دوختۇرخانا ئوتتۇرسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن گېزىتخانا رەھبەرلىكى ئېھتىيات قىلىدۇ. پاكىت ھەقىقى يېزىلسىمۇ ئەمما ئېلان قىلىنمايدۇ. دىمەك، مۇشۇنداق زىددىيەتلەر ئالدىدا مۇخبىر كۆپ ئويلىنىپ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئامالنى ئاخىرى تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز يۆتكىلىپ بارغان يېڭى دوختۇرخانىنى ئىجابىي ئوبېكتى قىلىپ، ئۇنى مەدھىيلەپ، قىزنى كۈندىن - كۈنگە ساقىيىۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىش ئارلىقىدا، ئىلگىرىكى دوختۇرخانا ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنىدۇ. ئەمما تەنقىتلەنگەن دوختۇرخانىنىڭ نارازىلىق خېتى ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن گەرچە پاكىت رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقى يۈزبەرگەن بولسىمۇ، شۇ پاكىتنى ئىپادىلەش جەھەتتە، خەۋەرنى جەلپ قىلارلىق قىلىش، ئاخبارات ئوبېكتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىگىنى، خىتاينىڭ ئادىل، مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ مەجبۇرى ھالدا مەزمۇندا قارىغۇلارچە توقۇلما قىلىدۇ.

مەسىلەن: شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتىدە « بىر ئەمگەك نەمۇنچىسىنىڭ دەردى » دىگەن خەۋەر ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەمگەك نەمۇنچىسى بىر ئايال خىتاي ئىشچى بولۇپ، ئىلگىرىكى خەۋەرلەردە ئۇنى نەمۇنچى، شىنجاڭنى قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشقۇچى قىلىپ كۆرسۈتۈش ئۈچۈن تەشۋىقات ئورۇنلىرى بۇ ئايالنى كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلەيدىغان، زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ئىشىنى يالغۇز دىگۈدەك ئۈستىگە ئېلىۋالغان قىلىپ كۆرسەتكەن. نەتىجىدە خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر « بۇنداق ماشىنا ئادەم مەۋجۇت بولسا بىز ئىشلەپ نىمە قىلىمىز؟ » دەپ، ئىشنىڭ ئېغىرىنى ئۇنىڭغا ئىتتىرىپ قويغان، خەۋەردە شۇنچىلىك مۇبالىغە قىلىنغانلىكى، بۇ خىتاي ئايال « بۇ راست مەنمۇ؟ » دەپ ھەيران قالغان. نەتىجىدە بۇ ئايال ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بۇنداق توقۇلما قىلىشىدىن قاتتىق زېرىكىپ، مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلمايدىغان بولغان. بۇنداق پاكىتلار شەرقىي تۈركىستان مەتبۇئاتىدا، رادىيو - تىلۋىزوردا ھەركۈنى ئۇچراپ تۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مۇخبىرلارغا ھەر ئايلىق ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇخبىرلار شۇ ۋەزىپىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلارغا بىر مۇخبىر بىر ئايدا قانچە پارچە ماقالە يېزىش، بۇنىڭ ئىچىدە باش ماقالىسى قانچە، ئادەتتىكى خەۋەردىن قانچىسى بولۇش قاتارلىقلار بەلگىلەپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستان ئاخباراتچىلىغى يىغىن خەۋىرى بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ بىرىنچىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇخبىرلىرى ئۈچۈن « بىخەتەر مەنبە » بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن: ئايلىق خەۋەر ۋەزىپىسىنىڭ سانى ئاسان توشىدۇ. ئەمما يىغىن خەۋىرى گېزىت مۇشتىرىسى، رادىيو ئاڭلىغۇچىسى، تىلۋىزور كۆرگۈچىسى ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك مەزمۇن بولۇپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش ئوبېكتى پەقەت شۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارلا بولىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇخبىرلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىغى بىلەن ئاڭلىغان پاكىتلىق ئىجتىمائىي خەۋەرلەرنى چىنلىق نوقتىسىدا تۇرۇپ، ئۆزقەلىمى بىلەن ئىپادىلەپ، ھەقىقەتنى كۆرۈشكە تۆت كۆزى بىلەن تەشنا بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر مۇشتىرىلىرىغا ئىككى قوللاپ سۇنغۇسى كەلسىمۇ، ئەمما سىياسي بېسىم ئۇلارنىڭ ئەركىن سايرىشىغا يول قويمايدۇ. ئوخشاش بىر خەۋەر ئەگەر بىر خىتاي مۇخبىرى ۋە بىر ئۇيغۇر مۇخبىرى تەرىپىدىن يېزىلسا، شۇ ئاخبارات ئورنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن، خىتاي مۇخبىرىنىڭ خەۋىرىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بولسا قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر مۇخبىر جەمىيەت تەرىپىدىن جىددى ھەل قىلىشقا تەقەززا بولغان خەۋەر يازغاندا، چوقۇم خىتاي باش تەھرىرگە مەجبۇرى يوللۇنۇپ، ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، بۇ خىتاي ئۆز قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر خىزمەتچىلەرگە قەتئى ئىشەنمەيدۇ. ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىن، تىلىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، خەۋەرنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇڭا ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا بىگۇناھ ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز ئاۋازىدىكى رادىيو - تىلۋىزوردىن، ئۆز يېزىقىدىكى گېزىت - ژورناللاردىن ھەقىقي پاكىتلارنى كۆرەلمىگەچكە، يېڭى چىققان گېزىتلارنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن يىرتىپ تاشلايدۇ. پارچە - پارچە تاماكا قەغىزى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ياكى بولمىسا سومكا ئورنىدا سەي - كۆكتات ئورايدۇ. رادىيو - تىلۋىزور خەۋەرلىرىدە، خەلقئارا خەۋەرنى قىزىقىپ ئاڭلاپ كۆرسىمۇ، ئۆز خەۋىرىمىزگە كەلگەندە دەرھال ئۆچۈرىۋېتىدۇ. دېمەك شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاخباراتچىلىقىدا چىنلىق يوق.

## تەزىيە

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىتتىپاق ۋە ئۇيغۇر ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى، ئايرىدۇرۇم مەھەللىسىنىڭ سابىق يىگىت بېشى بولۇپ ئىشلىگەن توختاخۇن ھاجىمنىڭ ئايالى ھېلىمەم ئايىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا، ئالمۇتا شەھرى گورنى گىگانت مەھەللىسىدىن زەينەۋدىن ھاجىم، دۇرۇجبا مەھەللىسىدىن ئاباس قاراجىم، تۈركسىب مەھەللىسىدىن ئەخمەت قاراجىم، سۇلتان قورغان مەھەللىسىدىن سابىر ئىمام قاتارلىقلار چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ. توختاخۇن ھاجىمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرىغا سەبرى - تاقەت تىلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان

# « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مارى روبىنسون خانىمغا مەكتۇپ يوللىدى

( بىشى 1 - بەتتە )

ئەنۋەرجاننىڭ مەكتۇبىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

جانابى مارى روبىنسون خانىم!

بۈگۈن 10 - دېكابىر دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ مۇبارەك كۈنى بولغان بۇ كۈندە، ئۇيغۇر مىللىتى خىتاي ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈۋاتقان تېرورلۇق سىياسەتنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا قورقۇنچ ئىچىدە كەلگۈسى قاراڭغۇ ھالدا ياشىماقتا. يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى بولغان ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىدىن يەنى - تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئەركىن ئىبادەت قىلىش، ئەركىن ھەرىكەت قىلىش، ئەركىن سۆز قىلىش، ئەركىن مەلۇمات ئېلىش ۋە تارقىتىش... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئاساسلىق ھوقۇقلاردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنماقتا. ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىغا مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ۋەتەننى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتاي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقلىرىنىڭ قانداق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن رەسمىي تىزىمغا ئېلىنغان، جۈملىدىن « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۈنى دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا دۇنيانىڭ بۇ زۇلۇملاردىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىغە قىلىنىۋاتقان بۇ زۇلۇملارنى پاش قىلىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىگىنى، بۇنداق شارائىتتا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرماسلىقى لازىملىقىنى بىلدۈردى.

جانابىڭىزغا مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتكەن يىللاردىن بېرى رابىيە قادىرغا ئوخشاش ۋەتىنىنى، مىللىتىنى سۆيگەن ۋە خەلقىنىڭ ھۆر ياشىشىنى ئىستىگەن مىڭلىغان ئۇيغۇرلار زىندانغا تاشلاندى ۋە ئابدۇخېلىلغا ئوخشاش يۈزلىگەن يىگىتلىرىمىز تۈرمىلەردە قىيناپ ياكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئەنە شۇ ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى قانۇنىي ۋەكىلىدۇر. مەن قۇرۇلتاي رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خەلقىمىز نامىدىن جانابىڭىزدىن خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزنى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئالاھىدە ھەيئەت ئەۋەتىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىللە، بېيجىن دائىرىلىرىگە تۆۋەندىكى چاقىرىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن:

1. رابىيە قادىر ۋە باشقا بارلىق سىياسىي تۇتقۇنلار قويۇپ بېرىلسۇن.
2. ئۇيغۇرلارنى سىياسىي سەۋەپتىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش توختىتىلسۇن.
3. شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەش توختىتىلسۇن.
4. ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزۈلىۋاتقان فاشىستىك سىياسەت توختىتىلسۇن.

ھۆرمەتلىك مارى روبىنسون خانىم!

ب د ت نىڭ دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئالىي دەرىجىلىك كومىسسارى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى ۋە پۇرسەت تاپقاندا بۇ مەكتۇبۇمغا جاۋاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن :

ئەنۋەرجان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى




# گېرمانىيەدە « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى




( بىشى 1 - بەتتە )

شۇ كۈنى گېرمانىيە ۋاقتى سائەت 12 دە مىيونخىن شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان ئۇيغۇر نامايىشچىلار « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى » مەسئۇللىرىنىڭ يېتەكچىلىگىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان لوزۇنكا ۋە تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتايغا قارشى گېرمانچە، خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە جاراڭلىق شۇئارلارنى تووۋلاپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سالدى. نامايىش جەريانىدا يەنە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى » تەشكىلاتى تەرىپىدىن گېرمان تىلىدا ھازىرلانغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى. بۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرىدا، مۇستەملىكىچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقانلىق قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق ئەيىبلەنگەن.

نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار، يېقىندا خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان مىللىي مۇجاھىد ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى، 1997 - يىلىدىكى « 5 - فېۋرال » غۇلجا قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىزما رەسىملەرنى ۋە خىتاينىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرى نامايەن قىلىنغان فوتو سۈرەتلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. بۇ قېتىمقى نامايىش توپ - توغرا 2 سائەت داۋام قىلدى. نامايىشنىڭ ئاخىرىدا نامايىشقا قاتناشقان بارلىق ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغاندىن بۇيان، ۋەتەننىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان شېھىدلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىندى.

( بىشى 2 - بەتتە )

ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن رەسىملەر ئېكران ئارقىلىق چوڭايتىپ كۆرسىتىلىپ، تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالدى.

كۆرگەزمىنىڭ ئاخىرىدا زەينۇرە خانىم سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، كۆرگەزمىگە كەلگەن 200 گە يېقىن مېھمانغا مۇنداق دېدى:

« مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى دەستىدىن تارتىۋاتقان دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە يوق زۇلۇملارنى دۇنياغا ئاڭلىتىش مەقسىتىدە بۇ رەسىملەرنى سىزدىم. دۇنيا جامائەتچىلىگى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىدەك ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرىشىنى قوللىشى، ئۇيغۇرلارنى چۈشۈنۈشى كېرەك. مىنىڭ خەلقىم خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ تۆمۈر پەنجىسى ئاستىدا ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىدىن مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا. مەن بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىغە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە خەلقىغە ۋە مىنىڭ بۇ رەسىم كۆرگەزمەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن بۇ مەركەزگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن! ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن! »

# « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ژۇرنىلىنىڭ ئەرەپچە نۇسخىسى يېڭىچە ئۇسلۇپتا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى



ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى » تەرىپىدىن بىرقانچە خىل تىلدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ژۇرنىلىنىڭ ئەرەپچە نۇسخىسى يېڭىچە ئۇسلۇپتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ ژۇرنال ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، هازىرقى ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سىياسىي ۋەزىيىتى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى ئەرەپ دۇنياسى بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشكۈسى ۋە تېخىمۇ جانلانغۇسى!

نۆۋەتتە بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى سۈرىيەدىكى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن مەشھۇر شائىر ئەخمەتجان ئوسمان ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم ۋەتەنسۆيەر زاتلىرىمىز بۇ ژۇرنالغا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

# راۋالپىندىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرخانىلىرى پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرى تاقىۋېتىلدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ مۇخبىرى چوگىر چوققىنىڭ پاكىستاندىن يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، پاكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ مۇساپىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنى ھېساپلانغان « قەشقەر راباتى » بىلەن « خوتەن راباتى » ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1ـ ۋە 2ـ كۈنلىرى پاكىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ تاقىۋېتىلگەن، ھەمدە بۇ ئىككى مۇساپىرخانىدا تۇرۇۋاتقان 150 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ساقچىلار تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن سىرتقا ھەيدەپ چىقىرىلغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك شەرقىي تۈركىستاندىن مەككىگە جاپالار بىلەن ئۆمرە ھەجى قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا سەپەر قىلماقچى بولغان ياشانغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار « قەشقەر راباتى » ۋە « خوتەن راباتى » لاردا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن نەگە بېرىپ تۇرۇشلىرىنى ۋە نىمە قىلىشلىرىنى بىلمەي، ئىنتايىن پەرىشان بولغان. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇبارەك رامزان ئېيىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان بۇ غەيرى ئىنسانىي مۇئامىلىسى، پاكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئۇلار ساقچى خادىملاردىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ساقچىلار « خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستان ھۆكۈمىتىگە قىلغان بېسىمى تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق » دەپ جاۋاپ بەرگەن.

پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرخانىلىرىنى تاقىۋېتىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئىش ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلدىن ئېتىبارەن پاكىستان ھۆكۈمىتى ئارقىلىق، پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن ـ بىر پاناھلىنىش ئورنى ھېساپلانغان « قەشقەر راباتى » ۋە « خوتەن راباتى » لارغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى. ئۆتكەن يىلى 4 ـ ئايدىن ئېتىبارەن پاكىستان ساقچى دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۇرىۋاتقان رابات، مېھمانخانا ۋە مەسجىدلەردە قوپاللىق بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پاكىستاندا تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان ئىدى.

پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقىدەك غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرى ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرمەكتە.

# مۇبارەك رامزان ئېيى كىرىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ قىزىل تېرورلۇقى تېخىمۇ كۈچەيدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ مۇخبىرى ئۇچقۇنىنىڭ ۋەتەندىن يوللىغان خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ يىل مۇبارەك رامزان ئېيى كىرىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ژاندارما، ساقچى ۋە جاسۇسلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا بولغان بېسىمنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان. روزا تۇتقانلارغا سىياسىي جىنايەتچى مۇئامىلىسى قىلىش، تەراۋىھ نامىزى قىلغانلارغا ھەر تۈرلۈك چەكلىمىلەر قويۇش، ئىپتار يېمەكلىرى بىرىش ئۈچۈن ئېچىلغان بازارلارنى سەۋەپسىز تاقىۋېتىش قاتارلىق غەيرى ئىنسانىي بىر شەكىلدە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى پەرىشان قىلىشقا باشلىغان.

رامزان ئېيىنىڭ بېشىدا خىتاي ھۆكۈمىتى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى مەسجىدلەرنىڭ ئاۋاز چوڭايتىش مىكروفونلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان، سۇھۇر ۋە ئىپتار ۋاقىتلىرىدا كوچىلارغا مەخپى ساقچىلار تۇرغۇزۇپ، كىمنىڭ روزا تۇتىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ مەسجىدكە نامازغا بارىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشنى تاپشۇرغان، تەراۋىھ نامىزى ۋاقتىدا ساقچى ماشىنىلىرى سىگناللىرىنى بولۇشىغا ئېچىپ سۈرەن سېلىپ، كوچا ئايلىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرىكىگە ئەندىشە ۋە قورقۇنچ سالماقچى بولغان.

بۇنىڭدىنمۇ يامىنى شۇكى، رامزان ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىدارە ـ جەمىيەت، مەكتەپ ۋە زاۋۇت ـ فابرىكىلاردا روزا تۇتقانلارنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ روزىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن پۇلسىز چۈشلۈك تاماق بېرىپ، روزا تۇتقانلارنى يېيىش ـ ئىچىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يوقلىما قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روزا تۇتقانلىرىنى ئېنىقلىماقچى بولغان.

ئىدارە ـ جەمىيەتلەر پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ئىچىدىكى روزا تۇتقانلارنىڭ مائاشىنى بەرمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قىلمىشلىرىنى شەرھىلەپ، كۈلكىلىك بىر شەكىلدە « بىز ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەن ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز » دىگەن. ھېچبىر زامان ئۇيغۇر خەلقىنى ئاچمۇ توقمۇ، ئۆلەمدۇ ياشامدۇ دەپ ئەقلىنىڭ ئۇچىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ رامزان ئېيىدا ئۇيغۇرلارغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بىر ئىش.

رامزان سەۋىۋى بىلەن بولۇۋاتقان يۇقارقى ھادىسىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇپ تەرەپلىرىدە تېخىمۇ ئېغىرراق بولماقتا. زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇبارەك رامزان ئېيىدا ئېلىپ بارغان بۇ خىل قىلمىشلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورىكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
هاجى ياقۇپ ئانات (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سېيتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات ـ ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25